
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جوڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

3

1997

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش.







جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ يىغىننى تەبرىكلەپ نۇتۇق سۆزلىمەكتە.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن رەئىسى يۇسۇپ ئەيسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما سۇنلىياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى قاتارلىقلار مېھمانخانىغا بېرىپ ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈپ، خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



«قۇرئان كەرىم»دىن


بسم الله الرحمن الرحيم




”ھەممىڭلار ئاللانىڭ ئاغامچىسىغا (يەنى ئاللانىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)“ (3-سۈرە، 103-ئايەت).

(خەتتات: يۈسۈف چېن جىنخۇي)

## ھەدىس شەرىپتىن




(خەتتات: ئابدۇللا ئابدۇراخمان)

# مۇندەرىجە


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى ...................... ھاجى مەھمۇدى (5)

ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىسلام دىنىنىڭ "بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ بىرلىكى" كۆزقارىشى .......... ئابدۇۋەھاب مۇلاھ ئېلىن (7)

ئىسلام دىنىدىكى بىرقانچە ئەدەب-ئەخلاق ...................... ئابدۇخالىق ئالىم (12)

«قۇرئان كەرىم»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ ئورنى مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە .................. ......... قەمەرنىسا مۇھەممەد ھاجى، چىمەن نەجمىدىن (15)

روزا ۋە روزا ھېيت .......... ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى (20)

ياش ئالىملىرىمىز

ئىجتىھاتنىڭ كۈچى
—مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى ئۇيغۇر ئالتايشۇناسلىق دوكتورى، تىلشۇناس لېتىپ توختى توغرىسىدا ...................... ئەنۋەر مۇھەممەد (27)

ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ...................... ئىلھام توختى (33)

ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلاردىكى يېمەك-ئىچمەك تەقىبلىرى............... نۇر مۇھەممەد توختى (41)


# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى


中国穆斯林

CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مەسئۇل مۇھەررىر: رىشىت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىك تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئېلى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتانومۇرى: 100053 تېل: (010)63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇپوچتانومۇرى:830001 تېل:(0991)2865729

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
责任编辑：热西提哈吉・瓦依提
技术编辑：阿布力孜・卡斯木
封面设计：艾力
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
(北京市宣武区南横西街 103 号)
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码：830001 电话：(0991)2865729

ئۇيغۇرلاردىكى توي ئىسراپچىلىقى توغرىسىدا ........ مەمتىمىن ئابلەھكىم (45)
ئىسلام دىنىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلەيلى ........ تۇرسۇنمۇھەممەد شەۋكەت (47)
مىسىردىكى ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەر (ئەدەبىي خاتىرە) ........ ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى (49)
مەرىپەتكە ساخاۋەت ........ ئەنۋەر مۇھەممەد (53)

## جۇڭگو ئىسلام مائارىپى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ........ ياقۇپ ھاجى (55)
قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىسىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى ........ يۇنۇس سادىق (55)
پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان دىنىي خادىملار تەربىيىلەش كۇرسى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى ........ ياقۇپ ھاجى (56)
تېكەس ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئوقۇتۇش مەركىزىدە تۇنجى قارارلىق تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈردى ........ ئۆمەرجان شاۋۇدۇن (56)
بۈگۈر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىماملار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى ........ تۇيغۇن ئابدۇرەھىم (57)

## خەۋەرلەر

قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى ........ ياقۇپ ھاجى (58)
تۇرپان ۋىلايىتىدە دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى........ شاھمەردان (59)
دىنىي زاتلار بېيىش يولىغا ماڭماقتا ........ ياقۇپ ھاجى (60)
قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى يېزا-بازارلىرىدا شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى··· ياقۇپ ھاجى (60)
دىنىي زاتلار يېتىم-يېسىرلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى ........ ياللۇن (60)
گۇما ناھىيىسىدە دىنىي پائالىيەتلەر قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولدى ........ ئابلىمىت مۇھەممەد (61)
باي ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئۈلگىلىك رول ئوينىماقتا ........ ھەسەن ئابدۇۋەلى (61)
قارا شەھەر ناھىيىسىدە دىنىي زاتلار مائارىپنى قوللاپ، نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزمەكتە ........ ئوسمان تۇرسۇن (61)
ما جىڭجۇڭ ئاخۇن ۋاپات بولدى ........ ياقۇپ ھاجى (62)
ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى ........ ياقۇپ ھاجى (62)
تۇرسۇن ھاجى داموللا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى ........ شاھمەردان (63)
تۇرسۇنخان غوجام ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى ........ ياقۇپ ھاجى (63)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى سۆيۈپ ئوقۇيمىز ........ تاھىر ئابباس (64)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى پەيغەمبەر مەسچىتى

★ 1997-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى ★

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق دائىمىي هەيئەتلەر يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق دائىمىي هەيئەتلەر يىغىنى 1997-يىل 8-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ئالىي مېهمانخانىسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا دائىمىي هەيئەتلەر، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئابرويلۇق، ياش دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 64 كىشى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما سۈنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى قاتارلىقلار 14-ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن مېهمانخانىغا بېرىپ، يىغىن قاتناشچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ھەمدە ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ھەرقايسىلىرى شىنجاڭدىكى مەشھۇر دىنىي زاتلار، ئۇزاق يىللىق سىناقلاردىن ئۆتكەن، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان دىنىي زاتلار بولۇپ، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ھىمايىسى ۋە كۆيۈنۈشىگە ئىگە، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئىگە. سىلەرنىڭ تۆھپىلىرىڭلەرنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ، خەلق ئاممىسىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. سىلەرنىڭ تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر تەرەپتىن دىنىي ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز، كومپارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى مەڭگۈ سىلەرگە يار-يۆلەك بولىدۇ.

8-ئاينىڭ 13-كۈنى كەچتە، كۇچار ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خاتىپ ۋە ئىمام سىدىق قارىي ھاجىمنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشى بىلەن يىغىن باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم يىغىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ، مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ ئەيسا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ

مەسئۇللىرى چىن گوشۆ، لىۇ يەنچىك، راخمان مەسۇم، خەن بىك قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلدى.

مۇئاۋىن شۇجى جۇ شېڭتاۋ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالىتەن مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىن مەسىلىسىگە قاراتقان ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ سىياسىتى. كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى، ئېتىقادچى ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىپ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان دىنىي زاتلارنى بىز شەكسىز قوغدايمىز ۋە قوللايمىز، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى، بولۇپمۇ ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك. ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان دىنىي زاتلارنىمۇ پىلانلىق تۈردە تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئۆز بىلىم سەۋىيىسىنى يەنە بىر قەدەم چوڭقۇرلىتىش ۋە ئۆستۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

14-ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەت ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن مۇھىم سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە شىنجاڭدىكى ئىسلام جەمئىيىتى ۋە كەڭ دىنىي زاتلارنىڭ ھەم ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىدى، دىنىي زاتلار، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنى بىلەن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشى، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە ياردەمدە بولۇش، كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، يۇقىرى ساپالىق دىنىي خادىملار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى توغرىسىدا كونكرېت ئۈمىد ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىندا يەنە مۇئاۋىن رەئىس يۈسۈپ ئەيسا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمام ھەسەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

يىغىن جەريانىدا دائىمىي ھەيئەتلەر ۋە ۋەكىللەر رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى، مۇئاۋىن رەئىس ئىمام ھەسەننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تەتبىقلاپ قىزغىن ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن مۇزاكىرە قىلدى.

17-ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا يۈسۈپ ئەيسا، ھارۇنخان ھاجى، شەمشىدىن ھاجى، لىۇ يەنچىك، راخمان مەسۇم، خەن بىك قاتارلىقلار قاتناشتى. لىۇ يەنچىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە، راخمان مەسۇم ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋەكالىتەن سۆز قىلىپ، يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا كونكرېت پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىن تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، خاتىپ ۋە ئىمام ئابدۇرەھىم قارىي ھاجىنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ھاجى مەھمۇدى

ئىسلام دىنىنىڭ

كۆز قارىشى

# ”بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ بىرلىكى“

ئابدۇۋەھاب سۇلۇك ئېنلىن

ئىسلام دىنى بىر خىل مەنىۋى ئېتىقاد، ئىدېئولوگىيە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل ئەخلاقىي تۈزۈم، مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە ياشاش پەلسەپىسى. شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنىۋى ھايات تەلىپىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ماددىي ھايات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پوزىتسىيىسىنىمۇ بەلگىلىگەن. بۇ—ئىسلام دىنىنىڭ باشقا دىنىي ئېتىقادلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالامەتلىرىدىن بىرى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىسلام دىنى ”بىلمەك“ كاتېگورىيىسى بىلەن ”قىلماق“نىڭ ئۇسۇلىنىمۇ بەلگىلىگەن. ”بىلمەك“ بىلەن ”قىلماق“نىڭ بىرلىكى ئىسلام پەلسەپىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ يىلتىزى. ئىسلام دىنى ئېتىقادى ھەم تاشقى خالىيلىقتا ئىنتىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ھەم پانىي دۇنياغا كۆڭۈل بۆلۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مەدەنىيەت قاتلىمىدا ئىسلام دىنىدىكى ”بىلمەك“ بولسا، ”ئەخلاق ئىدراكى“نىڭ مەدەنىيەت ئالامىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ”قىلماق“ بولسا، ”ئەخلاق ھەرىكىتى“نىڭ ئەمەلىيەت ئالامىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى ”بىلمەك“ كەڭ مەنىلىك ۋە تار مەنىلىك دەپ ئىككى مەزمۇنغا بۆلۈنىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ”بىلمەك“ ماتېماتىكا، ھۈنەر-سەنئەت ئىلمى، بىناكارلىق ئىلمى، ئاسترونومىيە-جۇغراپىيە، ئىقتىساد-سودا ئىلمى قاتارلىق ئىسلام دىنى ئېتىقادى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بولغان مەخسۇس پەنلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ تار مەنىدىكى ”بىلمەك“ يەنى ”ئىنسانىيلىق“ مۇسۇلمانلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك سۈپەت ئىپادىلىرى بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئېتىقادى ئاساسىدىكى ئەخلاق ھەرىكىتى يېتىشكە تېگىشلىك بولغان دەرىجە ۋە ئۇسۇل ھەم ئىسلام دىنى بەلگىلىگەن مۇناسىۋەتلىك ئىش-ھەرىكەتنىڭ بارلىق قائىدە-نىزامىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ”بىلمەك“ ئاساسەن، دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئەخلاققا چېتىلىدىغان بىلىملەردۇر. بۇ خىل بىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇكەممەللىككە يۈزلەنگەنلىكى، شەرىئەت مەجبۇرىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغانلىقىنىڭ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرغانلىقى ۋە ئىنسانىيلىقتا مۇكەممەللەشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمانلار بۇنداق بىلىمگە ئىگە بولغاندا، مەنىۋى جەھەتتە ئاللاغا تېخىمۇ بەك يېقىنلىشىدۇ، ئاللانى رازى قىلالايدۇ، شۇنداقلا ئۇبيېكتىپ ھەقىقەتكە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ.

ئىسلام دىنى بىلىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىلىمنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان، بىلىمدىن ئىنتايىن پايدىلىنىدىغان دىن. «قۇرئان كەرىم» ۋەھيىلىرىدە بىلىم تەھسىل قىلىش ئالدىنقى شەرت قىلىپ قويۇلغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ دەسلەپ نازىل بولغان ئايىتىدە مۇنداق دەپ ئېيتىلىدۇ: ”ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى“(96-سۈرە، 1—5-

ئايەتلەر). ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ" (39-سۇرە، 9-ئايەت). پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى مۇنداق دەپ شەرھلىگەن: "ئاللا ھەممىدىن ئاۋۋال بىلىم بىلەن ئەقىلنى ياراتقان". ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: "ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى"، "ئالىملارنىڭ سىياھى شېھىتلەرنىڭ ئىسسىق قېنىدىنمۇ ئەزىز بولىدۇ"، "ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر". ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، بىلىم ئالەم سىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ، مۇسۇلمانلار ھاياتنىڭ قىبلىنامىسىدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرمۇنچە ئايەتلىرىدە بىلىم ئىگىلىرى ھەق-ناھەقنى ئايرىپ، ئەگرى-توقاينى پەرقلەندۈرۈپ، ھىدايەت يولىدا ماڭالايدىغانلار دەپ قارالغان. ئاتاقلىق مۇسۇلمان شائىر ئەبۇ ئەلى مەئالى مۇنداق دېگەنىدى: "ئەقىل سېنىڭ پەيغەمبىرىڭدۇر".

**ئىسلام دىنىنىڭ بىلىش كۆزقارىشى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خۇسۇسىيەتكە ئىگە:**

**1. ئىنسانىيلىق.** ئىسلام دىنىنىڭ بىلىش روھىغا ئاساسلانغاندا، بىرەر ئادەمنىڭ ئىسلام دىنى مەنىسىدىكى بىلىمگە ئىگە بولۇش-بولالماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى ئۇنىڭ بىلىمنى ئادەمنىڭ ئەخلاق ئالاھىدىلىكى ۋە ئادەم بولۇش ئۆلچىمى قىلىپ ئىپادىلىيەلىشى-ئىپادىلىيەلمەسلىكىدە، يەنى مۇسۇلمانلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي سۈپەتنى ھازىرلىيالىشى-ھازىرلىيالماسلىقىدا. ئىسلام دىنى شۇنداق دەپ تەشەببۇس قىلىدۇكى، ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى بىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە مەنبەسى. ئاجىز ۋە ئىقتىدارى چەكلىك ئىنسانلار ھەر مىنۇت-ھەر سېكۇنتتا ئاللانى سېغىنىشى لازىم. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنىنىڭ بىلىم كۆزقارىشى، ئادەتتە، ئىككى قەۋەت ئەھمىيەتكە ئىگە: بىرى، ئاللانى بىلىش، يەنە بىرى ئۆزىنى بىلىش، شۇ يول بىلەن ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى پائال بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت.

**2. ئىجتىمائىيلىق.** ئىسلام دىنى شۇنى تەشەببۇس قىلىدۇكى، بىلىش ئەمەلىيەت بىلەن بىرلىككە كېلىشى كېرەك، شۇ سەۋەبتىن ئىجتىمائىي ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىلىشنىڭ ئۆزىدە ئوبيېكتىپ ئېھتىياج بولىدۇ. بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىشى، ھەقىقەتەن، ئاللاتائالا ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسەت ئاساسىدىكى ئىنسان ئەقلىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇغا بېقىنمايدىغان تەرىپى، يەنى روشەن ئوبيېكتىپلىق قىممىتى بولىدۇ. بۇ ئوبيېكتىپلىق ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: 1) ئىسلامنىڭ بىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز پائالىيىتىگە بېقىنىشى لازىم، بىلىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى ئىنسانلارنىڭ نىشانلىق پائالىيىتىنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ۋە ئوبيېكتىپلىقى بەلگىلەيدۇ؛ 2) ئۇ ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ھەر خىل ۋاستىلىك شەكىللىرىگە، مەسىلەن، ماددىي قوراللار شەكلى، تىل بەلگىلىرى شەكلى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرى قاتارلىقلارغا بېقىنىشى كېرەك. شۇڭلاشقا، ئوبيېكتىپ ئېھتىياجنى ھەممە ۋاقىت ئىگىلەپ تۇرۇشى لازىم؛ 3) بىلىش ئىنسانلار ئۆزى ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىققا بېقىنىشى، يەنى مۇشۇ بايلىقتا گەۋدىلەنگەن ماھىيەتلىك كۈچ سۈپىتىدىكى نەرسىلەرگە بېقىنىشى لازىم.

**3. مۇستەقىللىق.** ئىسلام دىنى جەمئىيەتكە قارىتا پاكلىتىش رولىنى كۆرسىتىدىغان ئىنتايىن روشەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر خىل مەدەنىيەت سىستېمىسىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت تۈزۈمىگە ئېتىبار بىلەن

قارىشى ۋە ئۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلىرى تەبىئىي هالدا مۇسۇلمانلار بىلىشىدىكى بىر خىل مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ قالغان. بىر خىل مەدەنىيەت سىستېمىسى ناۋادا ئۆز ئەنئەنىسى ياراتقان تۈرلۈك ئېھتىياجلار ۋە شەكىللەردىن ۋازكېچىدىكەن، ئۆزىنىڭ تارىخىدىن ۋازكەچكەن بولىدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىش ئاساسى ۋە شارائىتىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، ئىسلام دىنىنىڭ بىلىشى، ئەمەلىيەتتە، ئاللاتائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز گەۋدىلەندۈرۈش ئىسلامدىنىنىڭ ھەقىقەتچىلىك روھىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش، ئەڭ ئاخىردا ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش دەرىجىسىگە يېتىشتىن ئىبارەت. لېكىن بىلىشنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئۇ بىلىشنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان) نەرسىدۇر" (61-سۈرە، 2-3-ئايەتلەر). مەشھۇر مۇتەكەللىمۇن (كالامشۇناس)، فەقىھ (فىقھشۇناس)، مائارپشۇناس ئەل غەززالى (1059—1111) ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئىھيا ئۇلۇم ئەلدىن» («دىنىي ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى») دە مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىمگە بىلەن قىلمىقىنىڭ بىرلىكىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ توختالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، "بىلىم ئىگەللەش ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ"، يەنى ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىش، بىلىمەك بىلەن قىلماقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش شەرت. بىلىپلا قويۇپ قىلماسلىق ھەقىقىي بىلىش ئەمەس، قىلىپلا قويۇپ بىلمەسلىكمۇ ھەقىقىي قىلغانلىق ئەمەس، بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىگە بىقىندۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئۇ مۇنداقمۇ دېگەنىدى: "سۆزلەپلا قويۇپ، ئەمەلىيەتتە قىلمايدىغان ئۆلىمالار خۇددى دورا قەغىزىنى يازدۇرۇپلا، دورىنى يېمەيدىغان كېسەلگە ئوخشايدۇ، تائامنى مەزىلىككەن دەپ ماختاشنىلا بىلىپ، قورسىقىنى ئاچ قالدۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ"، "بىلىمسىز ئۆلىمالار ئۆگىنىش ئۈچۈنلا ئۆگىنىدۇ، ھەقىقىي ئۆلىمالار بىلىمنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدۇر"، "بىلىمنى قوغداشتا قىلماقتا ئەمەل قىلىش كېرەك، دېمەك، بىلىپلا قويۇپ، قىلماسلىق بىلمەسلىك بولىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ، قىلالماسلىق بىلىشنىڭ يۈزە ئىكەنلىكىدۇر".

ئىسلام دىنىنىڭ بىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ بەلىش جەريانىنى بەش قەۋەتكە بۆلىدۇ: بىلىش، ئىشىنىش، چۈشىنىش، قىلىش، دەلىللەش. بىلىش دېگەنلىك بىلىمگە ئىنتىلىش بولۇپ، ئادەمنىڭ ئەڭ تۆپ تەلىپىدۇر؛ ئىشىنىش دېگەنلىك يەنى ئېتىقاد بىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تەۋە بولۇپ، كائىناتنىڭ جېنى بولغان ئادەمنىڭ ئالامىتىدۇر؛ چۈشەنىش دېگەنلىك ئېتىقاد قائىدىسىنى تولۇق چۈشەنىپ، قارىغۇلۇقتىن ساقلىنىش بولۇپ، ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر؛ قىلىش دېگەنلىك بىلىگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش بولۇپ، ئەخلاق ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭ ئالامىتىدۇر؛ دەلىللەش دېگەنلىك تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش بولۇپ، ئەقىل ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭ ئالىي روھىي دۇنياسىدۇر. بىر خىل جەريان بولغان بىلىشتە بىلىشلا بولۇپ، ئىشىنىش ۋە چۈشىنىش بولمىسا، ئۇ نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈلمىگەن بولىدۇ، ئىشىنىش ۋە چۈشىنىشلا بولۇپ، قىلىش ۋە دەلىللەش بولمىسا، ئۇ قۇرۇق نەزەرىيىدە توختاپ قالغانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بىلىش كۆز قارىشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئىنسان ۋاقىت ۋە ماكاندا چەكلىمىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزى ئوبيېكتىپ ئوبيېكتنى ئۈنۈملۈك ئىگەللىيەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىجتىمائىي ئادەم بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەمگە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى، ماھىيەتتە، بىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ، مۇسۇلماننىڭ ئۆزى بىلىشنىڭ گەۋدىسىدۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتلىق جەريانى ئۈزلۈكسىز بىلىش جەريانى بولىدۇ، خۇددى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: "ئىلىم تەلەپ قىلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر." شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بىلىش جەريانى يەنە ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىش جەريانىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىمنىڭ بىۋاستە مەۋجۇت ھالىتى جىمىكى يېگانە ئادەمدۇر، شۇ ئاساستا ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت شەكىللىنىدۇ-دە، ئاندىن ئادەمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي تۇردە، بىلىم سۇپىتىدە مەۋجۇت بولالايدۇ. دېمەك، يەككىنىڭ جەمئىيەت بولۇش ئۇسۇلى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەت خاراكتېرلىك ئالاقىدۇر. ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەت دېگەنلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەت خاراكتېرلىك ئالاقە دېگەنلىكتۇر. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىش پائالىيىتىنىڭ گەۋدىسى بولۇشى ئوبيېكتىپ نەرسىنى بىلىشكە، ئىگەللەشكە باغلىق ھەمدە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى مۇقەررەر شەرت قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تەرىپىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىلىشنىڭ مەنىۋى ھاياتى ئۈچۈنمۇ، ماددىي ھاياتى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. يەنە كېلىپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىلىشنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئەمەلىيىتىگە بولغان بېقىندىلىقى ماددىي ھاياتنىڭ ئالاقە ئەمەلىيىتىگە بولغان بېقىندىلىقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى بىلىشنىڭ مەنىۋى ھاياتتىكى ۋاسىتىسى بولغان تىلنىڭ ئۆزى كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئەمەلىيىتىنىڭ بىر خىل مەھسۇلىدۇر، يەنە كېلىپ ئۇ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئەمەلىيىتى (يەنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت) دىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىش ھاياتى تېخىمۇ زور دەرىجىدە كىشىلەرنىڭ ئالاقىسىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇش شەرتى قىلىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىلىشنىڭ ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى ئەمەلىيەت بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ، ئادەم بىرەر ماددىي مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىقارغاندا، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ باشقىلار بىلەن تېگىشىشنى ياكى ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى مەقسەت قىلىشى ناتايىن، لېكىن ئىشلەپ چىقارغان ھەرقانداق بىلىش مەھسۇلاتى، يەنى مەنىۋى پائالىيەت مەھسۇلى مۇقەررەر ھالدا، باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە ئەمەلىيىتىدە ئورتاق بەھرىمەن قىلىنىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ماددىي مەھسۇلاتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش مۇقەررەر ھالدا شەخسنىڭ بەھرىمەن بولۇش قىممىتىنى پارچىلىنىش خاراكتېرىدە ئازايتىدۇ، مەنىۋى مەھسۇلاتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش بولسا، ئۇنىڭ قىممىتىنى ئازايتمايلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى مەھسۇلاتتىن ئورتاق پايدىلىنىشتىكى ئالاقە ئەمەلىيىتى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ يەككە بەھرىمەن بولۇش قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ بىرلىكى كۆز قارىشىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى.

ئىسلام دىنى شۇنداق تەشەببۇس قىلىدۇكى، كىشىلەرنىڭ بىلىش بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانى ھەم مەنىۋى ھايات جەريانى، شۇنداقلا كىشىلەر

ئوتتۇرىسىدىكى بىلىش ئالاقىسى جەريانىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرەر ئادەم بىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا ئىشلەتكەن تىل بەلگىلىرى ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى بىلىش ھاياتىدا ئۇ ئادەم ئېتىقادى ئوخشاش بولغان ئەجدادلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئايرىلىپ قالالمايدۇ، ئۇ پەقەت باشقىلارنىڭ بىلىش مەھسۇلاتىنىڭ ئالاقە ئەمەلىيىتىدىلا "بىلىش"نىڭ قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. مۇبادا باشقىلارنىڭ پائالىيىتىدىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ بىلىش مەھسۇلاتىنىڭ ئورتاق ئەمەلىيىتىنى رەت قىلسا، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى "بىلىش" مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان تەقدىردىمۇ پەقەتلا مەڭگۈگە ئىنتايىن ئىپتىدائىي سەۋىيىدە تەكرارلىنىپلا تۇرىدۇ-دە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھېچقانداق ئەھمىيەتلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلمەيدۇ.

بىلىش جەريانىدا، تىل بەلگىلىرىنىڭ ماددىي گەۋدىسى ئاۋاز، يېزىق ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسە بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى ئەمەلىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇشى، ھاياتلىق ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلگەن بولۇشى لازىم. شۇڭا ئىسلام دىنى شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، "بىلىش"نىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى، ئەمەلىيەتتە، ئەمەلىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە ئالمىشىشتۇر، يەنە كېلىپ، ئەمەلىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە ئالمىشىش سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئاللاتائالا بىلەن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە باشقىلار بىلەن قەلب جەھەتتە پىكىرلىشىشتۇر. پىكىرلىشىش ئارقىلىق پىكىرلەشكۈچى تەرەپ ئىگە بولغان ئىمكانىيەت دۇنياسىغا يېقىنلاشقىلى، شۇنىڭ بىلەن ئاللانى بىلگىلى، ئۆزىنىمۇ بىلگىلى، دۇنيانى چۈشەنگىلى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇ دۇنيالىق بىلەن ئۇ دۇنيالىقنىڭ قوشۇلۇش ۋە بىر-بىرىگە سىڭىشىش دەرىجىسىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق قوشۇلۇش ۋە سىڭىشىشتىن يېڭىباشتىن بىر دۇنيا يارىتىلىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنىدىكى "بىلىش" نىڭ ئالمىشىشىنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىگە، ئەمەلىيەتچانلىققا ۋە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش خاراكتېرىگە ئىگە.

ئىسلام دىنى بىلمەك بىلەن قىلماقنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دىن. مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىشى ئىش-ھەرىكەتتە سىنىلىدۇ، ئىسپاتلىنىدۇ ۋە بېيىدۇ، مانا مۇشۇلا ئىسلام دىنى مەنىسىدىكى ھەقىقىي بىلىش. مۇسۇلمانلار بىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي قەۋىتىدىن ئېيتقاندا "بىلىش"نىڭ تاشقى يۈزلىنىشلىكى، ئەخلاقىي غايىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىدىن ھەمدە ئەخلاق چىنلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا گەۋدىلىنىشىدىن ئىبارەت. ئىسلام دىنىدىكى "بىلىش" سېترېئولوق دۇنيانىڭ چىنلىقى، ياخشىلىقى ۋە گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، "بىلىش" ئۈستىدىكى مۇلاھىزە، كۆپ ھاللاردا، ئەخلاق بىلەن ئېتىكا قىممىتى كاتېگورىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. "دۇنيا" توغرىسىدىكى ئۇقۇم نوقۇل تاشقى تەبىئىي دۇنيانى ئەمەس، بەلكى بىلىش كاتېگورىيىسىگە ئايلاندۇرۇلغان تەبىئىي دۇنيانى ياكى "مەنىلىك دۇنيا"نى كۆرسىتىدۇ. ئاللانىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى مۇسۇلمانلار "بىلىش" ئۈستىدە "دۇنيا"نى بۇزۇپ تاشلاش بەدىلىگە ئىزدەنمەستىن، ئەكسىچە، تەبىئىي دۇنيانىڭ تەسىرى ئاستىدا، دۇنيانىڭ ئىچكى مەنىسىنى ئەخلاق پائالىيىتى ئارقىلىق ئىگەللەپ ۋە چۈشىنىپ، رېئال مەنىۋى ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك، بۇنداق ئەمەلىيەت ئىنتايىن زور ئىجتىمائىيلىققا ئىگە.

(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى)

# ئىسلام دىنىدىكى بىرقانچە ئەدەب-ئەخلاق

ئابدۇخالىق ئالىم

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلارنى تەڭ ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇيدىغان، بىردىنبىر مۇقەددەس، ھەققانىي دىن بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى مۇشۇ ھاياتىي دۇنيادا ئاتا-ئانا ۋە قەۋم-قېرىنداشلىرىنى قەدىرلەشكە، يېتىم-يېسىر ۋە مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، قولۇم-قوشنىلارغا ھەمدەمدە بولۇشقا، ئاياللارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىشقا، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە، كەمتەر، كەڭ قورساق، راستچىل بولۇشقا دالالەت قىلىدۇ، شۇنداقلا، ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيالىقىغا ۋە ئاخىرەتلىكىگە پايدىلىق بولغان باشقا بارلىق ياخشى ئىشلارنى كېچىكتۈرمەي قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان جىمى يامان ئىشلار ۋە گۇناھـلىق قىلمىشلارغا قەتئىي يول قويمايدۇ.

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلىرىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ناھايىتى ئۇلۇغلايدۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ نۇقتا ئېنىق كۆزدىلىنىدۇ. ئاللاتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن“ (68-سۈرە، 4-ئايەت). بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز ھەم ئەخلاقنىڭ ناھايىتى بۈيۈك ۋە مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەدەب-ئەخلاق ھەققىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ”ئىچىڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلاردۇر“. ”ھايا قىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىمان جەننەتكە مەنسۇپتۇر؛ ئەدەبسىزلىك قوپاللىقتۇر، قوپاللىق دوزاخقا مەنسۇپتۇر“. بىز بۇ ھەدىستىن ۋە مۇشۇ مەزمۇندىكى خېلى كۆپ ھەدىسلەردىن ئەدەب-ئەخلاقنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن نەقەدەر ئۇلۇغ سۈپەت ۋە مۇقەددەس پەزىلەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئەدەب-ئەخلاقنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەخلاق ئادىتىنى ئۆزىمىزنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈشىمىز، ئىشنى ئاۋۋال ئاددىي، ئەقەللىي باسقۇچتىن باشلىشىمىز لازىم.

1. **سالاملىشىش.** ”سالام“ دېگەن بۇ سۆز ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن سۆز بولۇپ، ئۇ سالام بەرمەك، تىنچ-ئامانلىق سوراشماق دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، ئىككى مۇسۇلماننىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقاندا ”ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇمئەسسالام“ دېيىشى ناھايىتى مۇھىم بىر ئادەت. ئۆزئارا سالاملىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى جانابىي ئاللا «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ

ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار). ئاللا ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن (يەنى بەندىلەرىنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىدىن) ھېساب ئالغۇچىدۇر" (47-سۈرە، 86-ئايەت).

سالام قىلىش ھەققىدە ساھابىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سالام قىلىشتىكى ئەخلاقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سالامغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى، باشقىلارغا سالام قىلىشتا چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىماستىن سالام قىلاتتى. ھېچ قايسىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك سالام قىلىپ ئۈلگۈرەلمەيتتۇق، ئۇ داۋاملىق بىزدىن بۇرۇن سالام قىلىۋالاتتى." يۇقىرىدا دېيىلگەن ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن ئۆزئارا سالاملىششىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. "ئەسسالامۇئەلەيكۇم"، "ۋەئەلەيكۇمئەسسالام" دېگەن بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى "سىلەر (سىز) گە ئامانلىق تىلەيمەن"، "سىلەر (سىز) گىمۇ ئامانلىق تىلەيمەن" دېگەنلىك بولۇپ، مۇشۇ ئىككى جۈملە سۆز ئارقىلىق سالاملاشقۇچى ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە ئاللاتائالانىڭمۇ رەھمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. شۇڭا، ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزئارا ئۇچراشقاندا بىر-بىرىگە سالام-سائەت قىلىشى، بىمەنە، سەت چاقچاقلارنى قىلماسلىقى، قارشى تەرەپكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالام قىلىشى، ئۇ ياقنىڭ باشتا سالام قىلىشىنى ھەرگىزمۇ تەمە قىلماسلىقى كېرەك.

**2.** سۆھبەتلىشىش: ھاياتلا بولىدىكەنمىز، باشقىلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە، ئۆزئارا ئۇچۇر بېرىشكە، ئىدىيە، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا موھتاج بولىمىز. بولۇپمۇ بىز مۇسۇلمانلار كۈندىلىك ئىبادەت، ھېيت-ئايەم، نەزىر-چىراغ سورۇنلىرىدا دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىمىز ۋە پىكىر ئالماشتۇرىمىز. بىز مۇشۇ جەرياندا تىل پەزىلىتىمىزنى چوقۇم ياخشى ساقلىشىمىز كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتىكى ئەخلاقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللا ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ" (3-سۈرە، 159-ئايەت). يەنە مۇشۇ ھەقتە ساھابىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "رەسۇلۇللا بىرەر جامائەت سورۇنىدا ئولتۇرسا ناھايىتى خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئولتۇراتتى، سۆز قىلسا ناھايىتى ئوچۇق، چۈشىنىشلىك سۆزلەيتتى، باشقىلارغا ناھايىتى يېقىملىق، چىرايلىق چاقچاقلارنى قىلاتتى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان، ئابرويىنى تۆكىدىغان بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايتتى." يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ئايەت بىلەن ھەدىس ئۆزئارا سۆھبەتلەشكەندە ئەدەبلىك بولۇشنىڭ قىبلىنامىسىدۇر. ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ بەزى سۆھبەت سورۇنلىرىمىز بىمەنە پاراڭلار، غەيۋەت-شىكايەتلەر، قاملاشمىغان چاقچاقلار، ئېتىقسىز كۈلكىلەرنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ قالدى، شۇنداق يەرلەردە ئۇۋۇلاپ كۆنۈپ قالغانلارنىڭ مۇسۇلمانلىق خىسلىتىدىن سۆز ئېچىش قىيىن. بۇنداق ناچار ئىجتىمائىي ئادەتنى تۈگىتىش بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ، جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ مۇھىم بىر پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.

**3. مېھماندارچىلىق:** مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا ئەدەب-ئەخلاققا دىققەت قىلىدىغان بىرقانچە ئىشلار بار. مەسىلەن، تاماق يېگەندە ئەدەب بىلەن چىرايلىق ئولتۇرۇش، قالايمىقان مېڭىپ يۈرمەسلىك، تاماق يېيىشتىن بۇرۇن "بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم" دېيىش، تاماقنى (سول-خايدىن باشقىلار) ئوڭ قولدا يېيىش، تاماقنى ئالدىدىنلا ئېلىپ يېيىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى قاچىلارغا قالايمىقان قول ئۇزاتماسلىق كېرەك. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:"بىر كۈنى مەن رەسۇلۇللانىڭ ھۇزۇرىدا تاماقتا ئولتۇرۇپ قالدىم، ئۇ چاغدا يېشىم كىچىك ئىدى. تاماق ۋاقتىدا مېنىڭ قولۇم باشقىلارنىڭ قاچىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، رەسۇلۇللا ماڭا قاراپ، ئى بالا، سەن تاماق يېيىشتىن بۇرۇن 'بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم' دېگىن، تاماقنى ئوڭ قولۇڭدا يېيىش بىلەن بىرگە ئالدىڭدىن يە، دېدى".

بىز يۇقىرىقى ھەدىستىن مەيلى مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا بولسۇن ياكى ئايرىم سورۇندا بولسۇن، تائام يېيىشتىكى ئەدەب-ئەخلاق قائىدىلىرىگە چوقۇم ئەمەل قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ۋە بۇنى ئەۋلادلىرىمىزغىچە ئۆگىتىشىمىز لازىملىقىنى بىلەلەيمىز.

**4. يول يۈرۈش:** يول مېڭىشتا ئەدەبلىك بولۇشمۇ ناھايىتى مۇھىم، بىر ياققا كېتىۋاتقاندا باشقىلارنىڭ يول يۈرۈشىگە دەخلى قىلىدىغان، قالايمىقان ۋاقىرايدىغان، نامەھرەملەرگە زىناكارلارچە قارايدىغان ۋە ئىسلام دىنىمىزغا يات بولغان بارلىق سەت قىلىقلاردىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللادىن ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىر كۈنى رەسۇلۇللا ساھابىلەرگە مۇنداق دېگەن: 'ئى ساھابىلەر، سىلەر يوللاردا ئولتۇرۇۋالماڭلار!' ، ساھابىلەر مۇنداق دېگەن: 'ئى رەسۇلۇللا! يول بولسا بىزنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش ئورنىمىز' دېگەن. رەسۇلۇللا: 'ئۇنداق بولسا سىلەر يولنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشىڭلار لازىم' دېگەندە، ساھابىلەر: 'ئى رەسۇلۇللا، يولنىڭ ھەققى نېمە؟' دەپ سورىغان. رەسۇلۇللا ئۇلارغا: 'نامەھرەملەردىن كۆزنى يىغىش، باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىك، سالامغا جاۋاب بېرىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش' " دەپ جاۋاب بەرگەن.

دېمەك، بىز يۇقىرىقى ھەدىستىن يول يۈرۈشتىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەمما ئارىمىزدا بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلمايۋاتقانلار خېلى كۆپ. ئۇلار يول ئۈستىدە بولۇۋاتقان ناچار ئىللەتلەرگە رەدىيە بېرەلمەيدۇ، يۈز بېرىۋاتقان قەبىھ قىلمىشلارنى مەردانىلىك بىلەن توسالمايدۇ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئاجىز، مېيىپ، كەمبەغەل كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلالمايدۇ ۋە ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئادىمىي ئەخلاقى ۋە ۋىجدانىغا يات ناچار ئىشلارنى قەستەن قىلىپ، شۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇنداقلار جەمئىيەت ئەخلاقىنى چىرىتىدىغان باكتېرىيە بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتتىن كۆرە ئاقىۋەتتە ئۆزىگە بەكرەك زۇلۇم سالىدۇ.

**5. كىيىم-كېچەك:** پاكىز، رەتلىك، لايىقىدا كىيىنىش ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقىنىڭمۇ، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭمۇ مۇھىم تەلىپى. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "ئى ئادەم باللىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار (يەنى ئىنسان باللىرىغا سەترى ئەۋرەت ئۈچۈن لىباس ياراتماق) ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئاللانىڭ (داۋامى 47-بەتتە)

# «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ ئورنى مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە

قەمەرنىسا مۇھەممەد ھاجى، چىمەن ئەجمەدىن

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، ئۇ چوڭ جەھەتتىن ئېتىقاد، پەلسەپە، سىياسىي-ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تەبىئىي پەنلەر، مېدىتسىنا ۋە قانۇن قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، كىشىلىك ئەخلاق، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، مەسئۇل بولۇش، ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش كونكرېت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ جەھەتتىن «قۇرئان كەرىم»نى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەدەب-ئەخلاق قامۇسى دېيىش قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرىدىغان خۇراپىي ئىددىيىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاياللارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇلارنى كەمسىتىدىغان، ئاياللارغا زوراۋانلىق قىلىدىغان نادانلارچە ھەرىكىتىنى ئاساسلاش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى دەستەك قىلىپ "ئاللاتائالا ئەسلىدىنلا ئەرلەرنىڭ زۇۋۇلىسىنى چوڭ، ئاياللارنىڭ زۇۋۇلىسىنى كىچىك ئۆزگەن" دېگەندەك سەپسەتىلەرنى كۆتۈرۈپ چىققىنىنىڭ ئەكسىچە، «قۇرئان كەرىم»دە، باشتىن ئاخىر ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى، ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بىز تۆۋەندە «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى، ئاياللارنىڭ قانۇنلۇق ئىقتىسادىي مەنپەئەتى، ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى قاتارلىق ئۈچ مەزمۇن بويىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

## 1. ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدا

ئەر-ئاياللارنىڭ ئوخشاش نەرسىدىن يارالغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار:

«قۇرئان كەرىم»نىڭ 75-سۈرە، 37-، 38-، 39-ئايەتلىرىدە: "ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مەنى) ئەمەسمىدى؟ ئاندىن ئۇ لەختە قان بولدى، ئاندىن ئاللا ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. ئۇ مەنىدىن ئەر-ئايال (ئىككى تىپنى) ياراتتى" دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن ئەر-ئاياللارنىڭ تەڭ، ئوخشاش نەرسىدىن يارالغانلىقى، قانداقتۇر ھېچقانداق ئىلگىرى-كېيىنلىك ۋە چوڭ-كىچىكلىكنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى، ئاللاتائالانىڭ قانداقتۇر ئاياللارنىڭ زۇۋۇلىسىنى كىچىك، ئەرلەرنىڭ زۇۋۇلىسىنى چوڭ ئۆزمىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئەر-ئاياللار ئورنىنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى بايانلار:

«قۇرئان كەرىم»نىڭ 42-سۈرە 49—50-ئايەتلىرىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: "ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاغا خاستۇر، ئاللا نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ." بۇ يەردە «قۇرئان كەرىم»دە

خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى ئەھمىيەتلىكتۇر.

ئاياللارنىڭ ياشاش ھوقۇقىنىڭ قانۇنلۇقلۇقى توغرىسىدىكى بايانلار:

«قۇرئان كەرىم»نىڭ 53-سۈرە، 21—22-ئايەتلىرىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: ("ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا ئاللاغا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر." دېمەك، بۇ يەردە قىز تۇغۇلسا مەيۇسلىنىدىغان (ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان)، ئوغۇل تۇغۇلسا خۇش بولىدىغان كىشىلەرنىڭ گۇناھكار بولۇپ قالىدىغانلىقى، قىزلارنىڭمۇ ئوغۇللارغا ئوخشاشلا تۇغۇلۇش ۋە ياشاش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئىسلام دىنىدا ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى تەشەببۇس قىلىنىدىغانلىقىنىڭ ئېنىق ئىپادىسى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ 16-سۈرە، 97-ئايىتىدە بايان قىلىنغان: "ئەر-ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز."؛ «قۇرئان كەرىم»نىڭ 4-سۈرە، 124-ئايىتىدە: "ئەر-ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)"؛ «قۇرئان كەرىم»نىڭ 43-سۈرە، 70-ئايىتىدە: "سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال-خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار" دېيىلگەن. «قۇرئان كەرىم»دىكى بۇ بايانلاردا مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئۇلار ئوخشاشلا جەننەتكە كىرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاياللار ئېزىلىشكە، كەمسىتىلىشكە ئۇچراۋاتقان تارىخىي شارائىتتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

## 2. ئاياللارنىڭ قانۇنلۇق ئىقتىسادىي مەنپەئەتى توغرىسىدا

ئىنسانلار ئانىلىق ئۇرۇق جامائەسىدىن ئاتىلىق ئۇرۇق جامائەسىگە ئۆتكەن قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا، ئاياللار ئىزچىل تۆۋەن ئەرلەرنىڭ بېقىندىسى دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ 4-سۈرە، 34-ئايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: "ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ ئاللانىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ-قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر)." بۇنىڭدا ئەرلەرنىڭ پەقەت ئاياللاردىن جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولغانلىقى (بۇ فىزىئولوگىيىلىك پەرقىنىلا ئىبارەت بولغانلىقى) ئۈچۈن، ئاياللارنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بارلىقى، ئاياللارنىڭ قوغدىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئەرلەرنى كۈچ-قۇۋۋەت، ئۇرۇشقا قاتنىشش جەھەتلەردە ئاياللاردىن كۈچلۈك قىلغانلىقىدىندۇر دەپ ئىزاھلىشى بۇ نۇقتىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە ئاياللارنىڭ نىكاھلانغاندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىدىغانلىقىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. «قۇرئان كەرىم»نىڭ 4-سۈرە، 4-ئايىتىدە: "ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوۋغات قىلىپ بېرىڭلار" دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدا ئاياللارنىڭ ئۆز-

لىرىگە تېگىشلىك بولغان مال-مۈلكىگە ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بارلىقى، ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقى، ئاجرىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئەر تەرەپنىڭ ئۇنى تارتىۋېلىش ھوقۇقى يوقلۇقى كۆرسىتىلگەن.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ 4-سۈرە، 20-ئايىتىدە: "ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟"؛ «قۇرئان كەرىم» نىڭ 4-سۈرە، 10-ئايىتىدە: "ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشىنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تېرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللا كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن" دەپ بايان قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم» دىكى بۇ بايانلار بىر تەرەپتىن ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئەسلىدە ئايالغا بەرگەن مال-مۈلۈكنى قايتۇرۇۋالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق ئەرلەرنىڭ ئىختىيارىي ئاجرىشىپ كېتىشىنى ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق چەكلەشنى مەقسەت قىلغان. بۇ ئەينى تارىخىي شارائىتتىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قۇرئان كەرىم» دە يەنە ئاياللارنىڭ مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئاياللارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ 4-سۈرە، 7-ئايىتىدە: "ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ئادەم (ئاللانىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ" دەپ بايان قىلىنغان.

نادانلىق دەۋرىدە ئاياللارنىڭ مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئاياللار ئەرلىرىنىڭ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن خارلىنىپ، ئېرىنىڭ ھېچقانداق مال-مۈلكىگە ئىگە قىلىنمايتتى، ئەرنىڭ مال-مۈلكىنى ئەر تەرەپ تۇغقانلىرى ئىگىلىۋالاتتى ھەتتا ئايال كىشى ئېرى تويى قىلغان ۋاقىتتا قىلغان چىقىمنى ئەر تەرەپ تۇغقانلىرىغا تۆلەپ بەرمىگۈچە ئۆز ئەركىنلىكىدىنمۇ مەھرۇم قىلىناتتى. بۇ يەردە مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىشتا ئەر تەرەپ تۇغقانلار ۋە بالىلار ئاساس قىلىنىشتەك ئادىل بولمىغان ۋارىسلىق قىلىش ئۇسۇلىغا چەك قويۇلغان، يەنى ئاياللارنىڭ ئېرىنىڭ مال-مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ئېنىق بەلگىلىنىپ، ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنغان، ئاياللارنىڭ تۇل قالغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسلام جەمئىيىتىدە بولسۇن، مەيلى باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئەينى تارىخىي دەۋردە بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداشتا مۆجىزە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 3. ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى توغرىسىدا

ئىسلام دىنىدا ئەرلەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق (تۆتكىچە) بولۇشىغا يول قويۇلغان. («قۇرئان كەرىم»نىڭ 4-سۈرە، 3-ئايىتىگە قاراڭ.) لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئەرلەرنىڭ ئەزىزلىكىدىن، ئاياللارنىڭ خارلىقىدىن بولغان بولماستىن، بەلكى ئىسلام دىنى پەيدا بولغان ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شەرت-شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇرۇشتا نۇرغۇن ئەرلەر قۇربان بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن يېتىم بالا، تۇل خوتۇنلار كۆپىيىپ كېتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا يېتىم باللارنىڭ بېشىنى سىلاش، تۇل خوتۇنلارنى ئىللىق ئائىلىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ چەكلىك ئاساستا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى تەشەببۇس قىلىنغانىدى. دېمەك، ئىسلام دىنىدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ تەشەببۇس قىلىنىشى يەنىلا ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى چىقىش قىلغانىدى. بۇ يەردە، يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەلمىساقتىن تارتىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، كۆپ خوتۇنلۇققا چەك قويۇلمىغان ئەينى ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىنىڭ خوتۇن ئېلىشنى تۆتكىچە چەكلىشى چەكلىمىسىز كۆپ خوتۇنلۇققا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ تىزگىن بولۇپ، مۇھىم بىر ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئايەتنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ھەرگىز كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلىش ئەمەس، بەلكى بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلىشتىن، پەقەت چەكلىك شەرتلىك ھالدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇشتىن ئىبارەت. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: "ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقتىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر" دېيىلگەن. بۇ يەردە، كۆپ خوتۇن ئېلىشقا يول قويۇلۇشى بىلەن بىرۋاقىتتا، "ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلىدە بولۇش" دېگەن مۇھىم ئالدىنقى شەرت قويۇلغان. شۇنىڭغا ئۇلاپلا، ئەگەر ئەرلەر ئاياللىرىغا ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقتىن قورقسا، "بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش" لازىملىقى، چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئادىللىققا "ئەڭ يېقىن" ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ 4-سۈرە، 129-ئايىتىدە: "قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر" دېيىلگەن. شۇڭا، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى، يەنىلا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا، ئۆز ۋاقتىدىكى شارائىتقا ئاساسەن، تۆتكىچە خوتۇن ئالسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسىنى كۆپەيتىشنىڭ ئېھتىياجى، ھەم ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىككە قارىتىلغان بىر خىل ئىپادە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە يەنە نىكاھلىنىشتا ئاياللارنىڭمۇ ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن (ئۆزى خالىغان) ئەر بىلەن توي قىلىشى تەكىتلەنگەن. ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش—بىر-بىرىگە ئېھتىياجلىق بولۇش ئەر ۋە ئايال تەرەپ ئۈچۈن ئورتاق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ 2-سۈرە، 187-ئايىتىدە: "... ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە

يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر...)" دەپ بايان قىلىنغان.

دېمەك، «قۇرئان كەرىم» دە ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقى، ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ھوقۇق مەنپەئەتىدىن تارتىپ نىكاھ ئەركىنلىكىگىچە بولغان كونكرېت مەزمۇنلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى ئەزىزلەش مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. لېكىن ئاز ساندىكى خۇراپىي كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار دەيدىغان فېئوداللىق ئىدىيە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىسىگە يات بولغان پىتنە-ئىغۋالارنى تارقىتىپ "ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار پەس" دەيدىغان ئىدىيىنى تەشۋىق قىلماقتا. بۇ جەمئىيەتكىمۇ مەلۇم تەسىر كۆرسىتىپ، بەزى ئائىلىق كىشىلەر ھەتتا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارمۇ بۇ خىل ئىدىيىنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، "قىز پەرزەنت كۆرۈشتىن ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئەۋزەل" دەيدىغان ئىدىيىنىڭ كۈچىيىشى، قىزلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىش ۋە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش نىسبىتىنىڭ ئوغۇللاردىن تۆۋەن بولۇشى، ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىشتا چەتكە قېقىلىشى (يەنى ئوخشاش نومۇر ئالغان شارائىتتا ئوغۇللارنىڭ ئالدىن تاللىنىشى)، ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئېتىبارسىز قارىلىۋاتقانلىقى (قىزلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن، ئۇلار ئائىلە قۇرۇپ، باللىق بولغاندىن كېيىن خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ دەپ قاراش)، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى (يەنى ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمگە ئېرىشىش يولىدىكى ھەرىكەتلىرىنى ئەرلەر ئاياللارنىڭ قولىغا قېلىش زامانى ئاخىرىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراش)، ھەتتا ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى پەس كۆرۈش ئىدىيىسى(يەنى ئەرلەر ئاياللارنىڭ پىرىم خۇداسى دەپ قاراش) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر ئەزىز ئاياللار خار دەيدىغان ئىدىيىنىڭ جەمئىيەتتىكى كونكرېت ئىپادىسى.

بىزنىڭ مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتىكى چىقىش نۇقتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى خالىغانچە بۇراپ، خۇراپىي ئىدىيىنىڭ قولىغا ئايلانغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە تەنبىھ بېرىشتىن ئىبارەت.

**(ئاپتورلارنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى)**

## مىسۋاك

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈننەتلىرىدىن بىرى بولغان نامازغا تەرەت ئالغاندا، ئېغىز چايقىغاندا، چىشنى مىسۋاك بىلەن سۈرۈپ تازىلاش ئادىتىنى نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. مىسۋاك ئىشلىتىش ۋە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك تازىلىق سايمىنى بولۇپ، چوڭچوك بويا يىلتىزىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ تەمى تاتلىق، خۇش بۇي بولۇپ، ئېغىز پۇراشنى داۋالايدۇ. مىسۋاك بىلەن ئۇزاق مۇددەت چىش تۆۋىنى سۈرتۈپ بەرسە، چىش مۇسكۇللىرىنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، چىشنى چىڭىتىدۇ. چىش قاناشنى توختىتىدۇ. شۇڭا چىش پاستىسى بىلەن چىش يۇيۇشقا ئادەتلەنمىگەن كىشىلەر چىشنى مىسۋاك بىلەن سۈرۈپ بەرسە، بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

**(گۇما ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن ئابلىمىت مۇھەممەت)**

# روزا ۋە روزا ھېيت

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

ئىسلام دىنىدا قاتناشچىسىنىڭ جىقلىقى، دائىرىسىنىڭ زورلۇقى، داغدۇغا ۋە تەنتەنىسىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتلەردە ئىسلام دىنىنىڭ خاتىرە كۈنلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان ئىككى چوڭ دىنىي بايرام بار. بۇ بايراملار، ئادەتتە، ھېيت دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئىسلام كالېندارى (ھىجرىيە) بويىچە ھەر يىلى 10-ئاي (شەۋۋال) نىڭ 1-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان روزا ھېيت؛ يەنە بىرى، ھەر يىلى 12-ئاي (زۇلھەججە) نىڭ 10-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان قۇربان ھېيت.

تۆۋەندە روزا ۋە روزا ھېيت ئۈستىدە توختىلىمەن.

## 1

روزا—ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدىغان بەش پەرزنىڭ بىرى بولۇپ، روزا تۇتۇش شۇ پەرزنى ئادا قىلىشنىڭ شەكلى.

”روزا“ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە ”سەۋم“ دېيىلىدۇ. تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مۇسۇلمان مىللەتلەر ”روزا“ دېگەن سۆزنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ كەينىگە ھەرىكەتنامىنى بىلدۈرىدىغان ”تۇتۇش“ دېگەن سۆزنى قوشۇپ ”روزا تۇتۇش“ دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

روزا ئىسلام دىنىدا مۇنداق بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) پەرز روزا. بۇ ئاللا تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 9-ئاي (رامىزان) دا بىر ئاي تۇتۇش پەرز قىلىنغان روزا، يەنى رامىزان روزىسى.

2) سۈننەت روزا، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئاساسىدا تۇتۇش تەشەببۇس قىلىنغان روزا. ھىجرىيە بويىچە ئۇنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى مۇنداق: 1-ئاي (مۇھەررەم) نىڭ 10-كۈنى تۇتۇلىدىغان ئاشۇرا كۈنى روزىسى؛ 7-ئاي (رەجەپ) نىڭ 7-كۈنى تۇتۇلىدىغان مىئراج كۈنى روزىسى؛ 8-ئاي (شەئبان) نىڭ 15-كۈنى تۇتۇلىدىغان بارات كۈنى روزىسى؛ 10-ئاي (شەۋۋال) نىڭ ئالدىنقى ئالتە كۈنىدە تۇتۇلىدىغان روزا؛ 12-ئاي (زۇلھەججە) نىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىدە تۇتۇلىدىغان روزا ۋە ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، چاھارشەنبە كۈنى تۇتۇلىدىغان روزا قاتارلىقلار.

3) نەپلى روزا. بۇ تەقۋادار مۇسۇلمانلار پەرز قىلىنغان (رامىزان روزىسى) سىرتىدا ئىختىيار قىلىپ ئادا قىلىدىغان روزا.

سۈننەت روزا بىلەن نەپلى روزا مۇستەھەپ بولۇپ، ئۇنى تۇتقان كىشىگە ساۋاب بولىدۇ، تۇتمىغان كىشىگە گۇناھ بولمايدۇ.

4) پەرھىز روزا. روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاللاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان ۋە تەنتەنە قىلىنىدىغان كۈنلەردۇر. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇش پەرھىز قىلىنغان. جۈمە كۈنى—ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان كۈنى. شەنبە كۈنى يەھۇدىي دىنىدىكىلەرنىڭ ئىبادەت كۈنى، يەكشەنبە كۈنى بولسا، خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ ئىبادەت كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇش مەكروھ ھېسابلىنىپ ئەيىبلىنىدۇ①.

ئىسلام تارىخى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان

دەسلەپكى ئىزدىنىشلەر: ئەڭ دەسلەپكى روزا تۇتۇش رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن باشلانغانىدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ، دېگەن خۇلاسىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا، ئەڭ دەسلەپكى روزا تۇتۇش قانداق باشلانغان ۋە ئۇ قانداق ئاتالغان؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن سۆزنى ”ئاشۇرا كۈنى“دىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

”ئاشۇرا“ دېگەن ئەرەبچە ”ئونىنچى“ دېگەن سۆز بولۇپ، مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى كۈنى، يەنى 1-ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىنى كۆرسىتىدۇ.

”ئاشۇرا كۈنى“ ئىسلام دىنى تارىخىدىكى بىر خاتىرە كۈن ھېسابلىنىدۇ②. ئىسلام دىنى تارىخ رىۋايەتلىرىنىڭ بىرىدە، ئاللا ئاشۇرا كۈنىدە بېھىشنى ۋە دوزاخنى، ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانىنى ھەمدە ئىنسانلارنى ياراتقان. ئاللا مۇشۇ كۈندە نۇھ، ئىبراھىم، يۈسۈپ، مۇسا، داۋۇت، سۇلەيمان، ئەييۇب، يۇنۇس، ئىسا قاتارلىق ئون مەشھۇر پەيغەمبەرنى ئىنتايىن زور خەۋپ-خەتەردىن ۋە زور قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان ھەمدە ئۇلارغا ئاسانلىق ئاتا قىلغان ۋە باشقىلار دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ③.

ئىسلام قىسسىلىرىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى بەنى ئىسرائىللار پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن ۋە زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلغان كۈن ئاشۇرا كۈنى بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن مۇشۇ كۈندە روزا تۇتقان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ④.

«ھەدىس»تە بايان قىلىنىشىچە، يەھۇدىيلار جۈملىدىن مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى خاتىرىلەپ ئاشۇرا روزىسىنى تۇتۇپ كەلگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى يەھۇدىيلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ ھەر تەرەپلىمە ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلار بىلەن دوستانە ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇز ساھابىلىرىگە ئاشۇرا روزىسىنى تۇتۇشنى جاكارلىغان. «ھەدىس»تە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى، بۇ چاغدا يەھۇدىيلار ئاشۇرا روزىسىنى تۇتاتتى. ئۇلار بۇ كۈننى مۇسا پىرئەۋن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان دەپ قارايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: يەھۇدىيلارغا قارىغاندا مۇساغا يېقىن بولۇشقا سىلەر ئەڭ ھەقلىق، ئاشۇرا روزىسىنى تۇتۇڭلار دېدى⑤“.

ئىسلام قىسسىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، بەنى ئىسرائىل خەلقى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە تۇر تېغىغا چىقىپ ئاللاتائالانىڭ كالامىنى ئاڭلاشنى ئىلتىجا قىلغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ خەلق ئىچىدىكى ئالىم پازىل ۋە تەقۋادار كىشىلەردىن 70 نى تاللاپ تۇر تېغىغا كېلىپ، ئۇ يەردە 30 كۈن روزا تۇتقان. تاغقا چىقار چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالا بىلەن سۆزلەشكەندە، ئاغزىدىن سېسىق پۇراق چىقمىسۇن دەپ زەيتۇن يوپۇرمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ ئېلىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلۈك روزىسى قازا بولغان. ئاللاتائالا: مېنىڭ دەرگاھىمدا روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئاغزىنىڭ پۇرىقى 1000 دانە ئىپار، زەپەر ۋە ئەنبەردىن خۇش پۇراقتۇر، بىر كۈنلۈك روزاڭنىڭ قازاسى ئۈچۈن ئون كۈن روزا تۇتقىن دەپ ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە ئون كۈن روزا تۇتۇپ، جەمئىي 40 كۈن روزا تۇتقان دېيىلىدۇ⑥.

روزا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ يەنە بىرىدە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالاغا ئاللانىڭ ئەمر-پەرمانلىرى بىلەن تولغان بىر قانۇن كىتابىنى ئاتا قىلىشنى ئىلتىجا قىلغاندا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا غۇسۇل قىلىپ، 30 كۈن روزا تۇتۇشنى، ئاندىن سىنا تېغىغا بېرىپ، ئەمر كۈتۈشنى ئېيتقانلىقى، ئۇ ئاللانى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئالدىراپ باشقىلاردىن

ئىلگىرى، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىۋالغانلىقى، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇن تۇتقان روزىسىغا يەنە ئون كۈن قوشۇپ 40 كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلغانلىقى سۆزلىنىدۇ⑦.

ئىشەنچلىك يەنە بىر كىتابتا يېزىلىشىچە، مۇسۇلمانلارغا رامىزان روزىسىنى تۇتۇش پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتىدىكەندۇق⑧.

قىسقىسى، يۇقىرىدىكى بايانلار بىزنى روزا تۇتۇش مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار تۇتقان ئاشۇرا روزىسى، مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر ۋە سىنا تاغلىرىغا چىقىش ۋاقتىدا ھەمراھلىرى بىلەن تۇتقان 30—40 كۈنلۈك روزا ۋە رامىزان روزىسى پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر ئايدا ئۈچ كۈن تۇتۇپ كەلگەن روزا قاتارلىقلاردىن باشلانغان بولسا كېرەك دېگەن خۇلاسىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكى بايانلار بىزگە ئاز بولغاندىمۇ مۇنداق بىرنەچچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ: (1) دەسلەپكى مەزگىللەردە روزا تۇتۇش تۈزۈم بولۇپ بەلگىلەنمىگەن؛ (2) ئادا قىلىدىغان روزا كۈنىنىڭ سانىمۇ بەلگىلەنمىگەن، شۇڭا ئۇنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى-سانىدا بىردەكلىك بولمىغان؛ (3) دائىرە جەھەتتىن ئېيتقاندا، دەسلەپكى روزا تۇتۇش ھازىرقىغا سېلىشتۇرغۇدەك دەرىجىدە چوڭ بولمىغان؛ (4) ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، دەسلەپكى روزا ھىجرىيىدىن ئاۋۋال ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىلگىرى باشلانغان؛ (5) دەسلەپكى روزا مەزگىللىرىدە روزا ھېيت ئۆتكۈزۈش بەلگىلەنمىگەن، شۇڭا ئۇ ۋاقىتلاردا روزا ھېيت دېگەن گەپمۇ بولمىغان.

## 2

ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىسلام تەقۋىمى بويىچە ھەر يىلى رامىزان (9-ئاي) دا بىر ئاي روزا تۇتۇش بەلگىلەنگەن. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ: "ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر" (2-سۈرە، 183—184-ئايەتلەر). يەنە بىر كىتابتا: "مۇشۇ يىلى شەئباندا ئاللا ئىسلام دىنىدىكىلەرگە رامىزاندا بىر ئاي روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى" دەپ كۆرسىتىلىدۇ⑨. بۇ يەردە ئېيتىلغان "مۇشۇ يىلى" دېگەن قايسى يىلى بولغىيتتى؟ مۇشۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلەرگە كۆرە، ئۇ ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى شەئبان، يەنى مىلادىيە 623-يىل 8-ئاي. دېمەك، ئېنىق بولدىكى، مۇسۇلمانلارغا رامىزاندا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش «قۇرئان كەرىم»دىكى 2-سۈرە، 183—184-ئايەتلەر نازىل بولۇش بىلەن پەرز قىلىنغان. يەنى ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى شەئباندا ياكى مىلادىيە 623-يىلى 8-ئايدا رەسمىي تۈزۈم بولۇپ بەلگىلەنگەن⑩.

بۇ بەلگىلىمە قاچاندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان؟ مۇشۇ ساھەگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، ئۇ 623-يىلى 9-ئايدا يەنى ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى رامىزاندا ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان⑪.

رامىزان روزىسىنى تۇتۇشنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تەلەپ-قائىدىلىرى ۋە خاس ئاتالغۇلىرى بار. بۇمۇ «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق ئېيتىلغان. رامىزان روزىسى پەرزىنى ئادا قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان مۇسۇلمان رامىزاندا، ھەر كۈنى تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ئورنىدىن تۇرۇپ غىزالىنىشى كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ: "تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا

(يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگۈچە روزا تۇتۇڭلار» (2-سۈرە، 187-ئايەت). بۇنداق غىزالىنىش سۇھۇرلۇق دېيىلىدۇ. «ھەدىس»تە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇھۇرلۇق يەڭلار، چۈنكى سۇھۇرلۇقتا بەرىكەت بار[12]». بۇ يەردە ئېيتىلغان بەرىكەت سۇھۇرلۇق يېيىشكە قارىتىلغان بولۇپ، پەقەت سۇھۇرلۇق يېگەندىلا، ئاندىن روزىدار كىشى سۇبھىدىن تا كەچ كىرىپ «ئېغىز ئاچقۇچە» بىر كۈن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. سۇھۇرلۇق يەپ بولغاندىن تارتىپ «ئېغىز ئاچقۇچە» ئارىلىقتىكى ۋاقىت روزا تۇتۇش پەرزىنى ئادا قىلغۇچى كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، «روزىدار ۋاقىت»، «ئېغىزى ئېتىك ۋاقىت» ياكى «نىيەت قىلىنغان ۋاقىت» ھېسابلىنىدۇ. كەچ كىرگەندە، يەنى كۈن ئولتۇرۇپ شەپەق نۇرى تۈگىگەندە غىزالىنىدۇ. بۇ «ئېغىز ئېچىش» ياكى «ئىپتار قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېغىز ئېچىش—ئىپتار قىلىش ۋاقتىدا ئالدى بىلەن ئازراق سۇيۇق-سەلەڭ نەرسە، مېۋە قاتارلىقلار بىلەن «ئېغىز ئېچىلىدۇ»، ئاندىن تەييارلانغان تائام يېيىلىدۇ.

رامىزان ئېيىدا ئادەتتىكىدەك بەش ۋاق ناماز ئوقۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ناماز خۇپتەنگە تاراۋى نامىزى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. تاراۋى نامىزى پەقەت رامىزان ئېيىدىكى ناماز خۇپتەنگىلا قوشۇپ ئوقۇلىدىغان باشقا ۋاقىتلارغا ۋە باشقا نامازلارغا قوشۇچە قىلىنمايدىغان بىر خىل ناماز. تاراۋى نامىزىغا ئاخۇن، قارىيلار تەكلىپ قىلىنىپ، كۈنىگە بىر پارىدىن، 30 كۈندە 30 پارە قۇرئان قىرائەت قىلىنىپ تاماملىنىدۇ. بۇ «خەتمە قۇرئان» ياكى «خەتمە ئۆتكۈزۈش» دېيىلىدۇ. خەتمە قۇرئاندىن كېيىن مەسىلە تەپسىر قىلىنىدۇ، ۋەز-نەسىھەت ئېيتىلىدۇ.

رامىزان ئېيىدا ئىپتار ۋاقتىدا ھەربىر ئائىلە كەم دېگەندە بىر قېتىم مەسچىت جامائىتى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، مەخسۇس غىزا-تائاملىرىغا تەكلىپ قىلىشىدۇ. بۇ «ئىپتارلىق ئۆتكۈزۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. جامائەتلەر ۋە تۇغقانلار ئىپتارلىقتىن كېيىن روزا-رامىزاننى قۇتلۇقلاپ، ھال-ئەھۋاللىشىدۇ.

روزا-رامىزان ئېيىدا مۇسۇلمانلار سەيلە-ساياھەت، سەپەر، مېھماندارچىلىق، نىكاھ تويى، بۆشۈك تويى، سۈننەت تويى، نەزىر-چىراغ قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزمەيدۇ. بىراق بۇ مەزگىلدە مېيىت چىقىپ قالغاندا، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش ئىشى ئالاھىدىرەك بىر شەكىلدە بېجىرىلىدۇ.

ئومۇمەن، رامىزان ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان زۆرۈر نەزىر-چىراغ ئىشىدا شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن يېزا-قىشلاقلاردىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىرمۇنچە پەرقلەر بار. بۇ پەرق ئاساسەن بەزى قائىدە-يوسۇنلارغا بېرىدىغان ئېتىباردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

سۆز روزا ئۈستىدە بولۇۋاتقاندا مۇنۇ نۇقتىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك: يۇقىرىدا بىز «قۇرئان كەرىم»دىن مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇشىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدا مۇسۇلمانلاردىن رامىزاندا، رامىزان روزىسىنى تۇتالىغۇدەك شەرت-شارائىت ۋە ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغانلار بولسا ئاندىن رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن، يەنى پەرزنى ئادا قىلسۇن دېگەن مەنە چىقىدۇ. ئەمما ياشىنىپ قالغانلار، تېنى ئاجىزلار، ھامىلدار ئايالار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالار، سەپەردىكىلەر، بېمەك- ئىچمىكى يوقلار، كېسەللەر (يېتىپ قالغانلار) نىڭ يۇقىرى پەرزنى ئادا قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەت (2-سۈرە، 184-ئايەت) تە، بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ روزا تۇتمىسىمۇ بولىدىغانلىقى، لېكىن ئۆز ئەھۋالىغا قا-

راپ، يا قازا روزىنى تولۇقلىشى، يا سەدىقە ئاتا قىلىشى لازىملىقى كۆرسىتىلگەن.

روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى بايان قىلىنغان بەزى ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، "بىر يۇرتنىڭ مۇسۇلمانلىرى ھېيت نامىزى ئارقىلىق قېرىنداشلىق، دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ، دىنىي ئالاقىنى مۇستەھكەملەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقىنى چىڭىتىشقا ... ئاندىن خۇتبە ئوقۇپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلىققا رىغبەتلەندۇرەتتى ... ئاندىن مۇسۇلمانلار بىر-بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، ئاندىن چىقىپ كەمبەغەل-ئاجىزلارغا روزا ھېيتتا پىتىر-سەدىقىسىنى بېرەتتى، قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلاتتى. پۈتۈن مۇسۇلمانلار خۇشاللىققا چۆمەتتى[13]."

رامىزان روزىسى قانچە كۈن تۇتۇلىدۇ؟ بۇرۇنقى چاغلاردا رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ۋاقتى قانداق خەۋەر قىلىناتتى؟

ئىسلام دىنىدا رامىزان روزىسىنى تۇتۇش مۇددىتى بىر ئاي دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ رامىزاندا، يەنى 9-ئايدا ئىجرا قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۈن سانى كەسكىن تەرزدە بەلگىلەنمىگەن. بۇنداق بولۇشىنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. ھىجرىيە كالېنداردا تاق ئايلار 30 كۈن، جۈپ ئايلار 29 كۈن قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ كالېندار بويىچە رامىزان يەنى 9-ئاي تاق ئاي بولۇپ 30 كۈن. بۇنداق بولغاندا 30 كۈن روزا تۇتۇلۇشى كېرەك دەپ بەلگىلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئىسلام دىنىدا يەنە ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇش، ئاينى كۆرۈپ "ئېغىز ئېچىش" كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ھىجرىيە كالېندارى قەمەرىيە (ئاي) كالېندارى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم ئاي تولۇشى ۋە ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم ئاينىڭ تۇتۇلۇشى بىر ئاي ھېسابلىنىدۇ. يېڭى ئاي چىققان كۈنى شۇ ئاينىڭ 1-كۈنى بولىدۇ. مۇشۇنداق ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، ئەگەر روزىنىڭ 29-كۈنى كەچتە ئاي كۆرۈنسە، ئەتىسى "ئېغىز ئېچىلىدۇ"، يەنى روزا ھېيت ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا 30 كۈن روزا توشمىدى دېگىلى بولمايدۇ؛ ئەگەر روزىنىڭ 30-كۈنى كەچتە يېڭى ئاي كۆرۈنمىسە، يەنە بىر كۈن روزا تۇتۇش كېرەك. بۇنىڭدا روزا تۇتۇش كۈن سانى ئېشىپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. گەرچە روزا ھېيت كۈنىنىڭ ۋاقتى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى شەۋۋالنىڭ 1-كۈنى، يەنى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى، دەپ ئېنىق بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مىلادىيە يىلى يەنى شەمسىيە (قۇياش) كالېندارى بىلەن ئون كۈن ئەتراپىدا پەرقلىنىدىغانلىقى سەۋەبلىك ھەمىشە بىرۋاقىتتا كەلمەيدۇ.

بۇرۇنقى چاغلاردا ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلار ئۆزلىرىنىڭ جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە پەن-تېخنىكا ھەم ئۇچۇر-ئالاقە ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ كەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ۋاقتىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىش، خەۋەر قىلىش شەكىللىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان ۋە بىردەك بولمىغان. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بەزى دۆلەت ۋە رايونلار شۇ دۆلەتنىڭ ۋە شۇ رايوننىڭ قازىسى ياكى مەنسەپ مەرتىۋىسى شۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان كاتتىلار، ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە باشلىغان. يەنە بەزى دۆلەت ۋە رايونلار بولسا، توپ-توپ ئېتىپ، ياكى پەشتاقلارغا تۇغ-ئەلەملەرنى چىقىرىشىپ، ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشكەن. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئىسلام ئەللىرىدە بولسا، پەن-تېخنىكا ۋە ئۇچۇر-ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىپ، رادىئو،

تېلېۋىزور، سۈنئىي ھەمراھ ۋە باشقا زامانىۋى خەۋەرلىشىش قوراللىرى شۇنداقلا رەسەتخانىلاردا دائىم ئىشلىتىلىدىغان، خاتالىق پەرقى 300 مىڭ يىلدا بىر سېكۇنتتىغا چۈشكەن ئاتوم سائەتلىرىنى قوللىنىپ ئالاقىلىشىدىغان بولدى[14]. دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلاتلار ئىنسانىيەتنىڭ مانا شۇنداق ئىلغار ئالاقىلىشىش ۋە ئۆلچەش قوراللىرىنى قوللىنىپ، ئىسلامىيەتنىڭ توغرا بولغان يىل، ئاي، كۈنلىرى، كۈنلەرنىڭ سانى، ھىجرىيە كالېندارى بىلەن مىلادىيە كالېندارىنىڭ سېلىشتۇرمىسى قاتارلىقلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تۈزۈپ چىقىپ، ئىسلام دىنىدىكى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە باشقا خاتىرە كۈنلەرنى ناھايىتى توغرا ۋە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، پۈتكۈل دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن كەڭ-كۆلەمدە، ئىشەنچلىك پايدىلانماقتا.

3

روزا ھېيت — مەملىكىتىمىزدىكى ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تەخمىنەن 1 مىليارد 250 مىليون مۇسۇلمان[15] ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان، قاتناشچىسى جىق، داغدۇغىسى چوڭ كاتتا بىر ھېيت. ئۇ مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ رامىزاندا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغانلىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدۇر. ئىسلام دىنى دۇنياۋى دىنلارنىڭ بىرى بولغاچقا، ئىسلام دىنىدىكى روزا ھېيت مەزھەپ، ئىرق، مىللەت، جىنس، دۆلەت ۋە رايون چېگرىسىدىن ھالقىپ، دۇنياۋى بايرام بولۇپ قالغان. مەملىكىتىمىزدىكى 20 مىليوندەك مۇسۇلمان دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش، روزا ھېيتقا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، باۋئەن ۋە سالادىن ئىبارەت تۆت مىللەت روزا ھېيتنى چوڭ ھېيت دەپ بىلىپ كاتتا ئۆتكۈزىدۇ.

روزا ھېيت ئىسلام تەقۋىمى بويىچە ھەر يىلى رامىزان (9-ئاي) نىڭ ئاخىرلاشقان كۈنى يېڭى ئاي كۆرۈنۈش بىلەن ئەتىسى، يەنى شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى ئىككى رەكئەت ھېيت نامىزى ئوقۇش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىلنى ھېيت مۇراسىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىمۇ باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ئوخشاش، روزا ھېيتقا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. رامىزاننى ۋە روزا ھېيتنى ئۇلۇغلايدۇ. ھېيت يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ھېيتلىق بىر قاتار زۆرۈر تەييارلىقلارنى ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى مۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك: 1) تازىلىق ئىشلىنىدۇ. ھەربىر ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللار ھەممىسى ھەرىكەتكە كېلىپ شەخسىي تازىلىق، يوتقان-يېپىنچا، كىيىم-كېچەك تازىلىقى ۋە مۇھىت تازىلىقى ئېلىپ بارىدۇ. تازىلىق شۇ قەدەر ئىنچىكە ئىشلىنىدۇكى، پۇت-قولنىڭ تىرنىقىنى ئېلىشتىن تاكى ئېغىل، تاھارەتخانىلارنى قورۇقداش، ھويلا-ئاراملارنى سەرەمجانلاشتۇرغىچە ئىشلىنىدۇ. 2) ھەربىر ئائىلە ئۆز ئەزاسى ئۈچۈن ھېيتلىق كىيىم-كېچەك تەييارلىشىدۇ. بۇ شۇ ئائىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئاساسىدا بولىدۇ. پاكىز، ئاددىي-ساددا، كۆركەم بولۇش بەك تەلەپ قىلىنىدۇ. 3) ھېيتلىق دەستۇرخان تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھەربىر ئائىلىدە مەخسۇس ھېيتلىق ئۈچۈن دەپ ساڭزا، قۇيماق، بوغۇرساق، نان-توقاچ، مېۋە-چېۋىلەر راسلىنىدۇ. ھازىرقى كۈندە تۈرلۈك پېچىنە، پىرەنىك، بولكا، قەن-گېزەك، پەسلىگە قاراپ مېۋىلەرنىڭ ھۆل-قۇرۇقى تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھەربىر ئائىلە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا تەييارلىق قىلىدۇ.

ھېيت كۈنلىرىدە ساھىبخان كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ.

رامىزان ئايلىرىدا ۋە ھېيت كۈنلىرىدە مۇ-

سۇلمانلار ھاراق-شاراب ئىچىپ ئۇرۇشقان، جېدەل-ماجىرا چىقارغان، كوچا-كويلاردا يېتىپ قالغانلارنى، ئاجايىپ-غارايىپ ياسىنىۋالغانلارنى، ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ مەينەت، ساڭگىل-سوڭگىل يۈرگەنلەرنى، ھاياسىزلارنى، ئىنسانىي ئەخلاق ۋە جەمئىيەت ئەخلاقى-مىزانلىرىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنى تولىمۇ يامان كۆرىدۇ ھەتتا ئۇنداقلاردىن ئىنتايىن قاتتىق يىرگىنىدۇ.

ھېيتتا بۇرۇن بىرەر ئىش سەۋەبىدىن ئارازلىشىپ قالغانلار ئاتا-ئانىلىرى ۋە باشقىلارنىڭ نەسىھەتى ۋە ئۇلۇغ ھۆرمىتى بىلەن كۆڭلىدىكى كونا ئاداۋەتنى چىقىرىۋېتىپ، "ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات" دەپ قاراپ ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ، ئىككى قوللاپ كۆرۈشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلى-كۆكسى يورۇپ، تۇرمۇش ۋە خىزمىتى كۆڭۈللۈك ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، روزا ھېيت ئەسلىدە ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى مىلادىيە 623-يىلىدىن ئېتىبارەن ئىسلام دىنىدىكى چوڭ دىنىي بايرام بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرغىچە بولغان ھىجرىيە بويىچە 1418( ياكى مىلادىيە بويىچە 1374) يىللىق تارىخىدا دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىغا تارقالغان مۇسۇلمانلار ھېيتنى ئۆزلىرىنىڭ جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئورنى، رايونىنىڭ تەبىئىي شەرت-شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ-ئادىتى، قائىدە-يوسۇنى ئاساسىدا ئۆتكۈزۈپ كەلگەچكە، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مابەينىدە بۇ دىنىي بايرام ھەرقايسى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭمۇ بىر مىللىي بايرىمى بولۇپ قالدى.

**ئىزاھلار:**

① «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، سىچۈەن لۇغەت نەشرىياتىنىڭ 1994-يىل 3-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 728—729-بەتلەر.

②③ يۇقىرىقى كىتاب، 32—33-بەتلەر.

④⑤ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1988-يىل 3-ئاي نەشرى، 17-قىسسە، «قۇرئاندىكى قىسسەلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1989-يىل 1-ئاي نەشرى، مۇسا ئەلەيھىسسالام قىسسەسى، «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قىسسەلانى شەرھى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1981-يىل 10-ئاي نەشرى، 212-بەت.

⑥ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1988-يىل 3-ئاي نەشرى، 17-قىسسە، «قۇرئاندىكى قىسسىلەر»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1989-يىل 1-ئاي نەشرى، مۇسا ئەلەيھىسسالام قىسسىسى.

⑦ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1988-يىل 3-ئاي نەشرى، مۇسا ئەلەيھىسسالام قىسسىسى.

⑧⑨⑩ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983-يىل 1-ئاي نەشرى، 158-بەت.

⑪ «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، سىچۈەن لۇغەت نەشرىياتىنىڭ 1994-يىل 3-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 33-بەت.

⑫ «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قىسسەلانى شەرھى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1981-يىل 10-ئاي نەشرى، 103-بەت.

⑬ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983-يىل 1-ئاي نەشرى، 190-بەت.

⑭ «مىلادىيە، ھىجرىيە ۋە جۇڭگو سۇلالىلىرى يىلنامىسى كالېندارى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985-يىل 8-ئاي نەشرى، نەشرىيات سۆزىگە قارالسۇن.

⑮ «قىسقىچە ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ساياھەت، مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1991-يىل 10-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 3-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن)

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** بىلىم ئىجتىھاتتىن كېلىدۇ، بۇ ھەممىگە ئايان پاكىت. بىلىم خەزىنىسىدىن پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىقلا ئېرىشكەن ئادەمنىڭ ئەقلىي-كامالىتى، ئەدىبە-ھېسسىياتى، ياشاش ئادىتى ھامان، ھەر زامان بىلىمسىز، روھىي گادايلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ ھەربىر مۇسۇلمانغا ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەنلىكى، ئىنسانىي ئىدراكىنى قوزغىتىشقا، روھىي دۇنيا ۋە ماددىي دۇنيانى بىلىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقى ئاللانىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان رەھمىتىنىڭ روشەن دەلىلى سۈپىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىغا ئېتىقادتەك مۇستەھكەم ئورنىشى كېرەك. دەرۋەقە، شۇنداق يۈكسەك بىر ئاڭ، ئەقىل ۋە ئىرادە بىلەن ئىلىم گۈلشىنىدە ھاياتلىق قىممىتىنى ئىزدىگەن ۋە تاپقان ياش ئالىملىرىمىز كەينى-كەينىدىن يېتىشىپ چىقماقتا. ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانلىرىدا تونۇشتۇرۇلغان تەبىئىي پەن ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كۇرەش ئىبراھىم، خالمۇرات غوپۇر، زەپەر ئابلىز، تاشپولات تېيىپ قاتارلىق قىممەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىمىز جەمئىيەتكە تونۇلۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئېپتىخارىنى كۈچەيتكەندىن كېيىن، بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن ھەرقايسى ساھە ۋە كەسىپلەردە ئۆزلۈكىدىن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان، ئىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتقان، ئېخىمۇ يۇقىرى ئىلىم ئىگىلەش، مۇمكىن بولسا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىنى ئىزدەۋاتقانلار يەنىمۇ كۆپەيمەكتە. ئېتىقاد ۋە غۇرۇرى بىلەن ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىغا كىرگەنلەرمۇ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىدىن ۋە ئۆزىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىدىيە تەۋرىنىشلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ۋۇجۇد ۋە روھىيىتىنى دات باستۇرۇۋاتقان ھورۇنلۇقتىن ئىبارەت بۇ مەرەزنى يوقىتىپ، يېڭى بىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان سياقىدا ئىلىم خەزىنىسىگە دادىل يۈرۈش قىلماقتا. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئەھۋال. مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە بىز يەنە ئاشۇنداق ياش ئالىملىرىمىزنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئىلىم ئىگىلەش سەپىرىنىڭ ئوخشىمىغان مەنزىللىرىدە كەلگۈسىگە ئىشەنچ كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدار بىناسىغا ئىلىم ئۇلى سېلىۋاتقان بىلىمخۇمارلارغا ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن ئۆزىگە ھەم مىللىتىمىزگە ئىلىم-ھېكمەتتىن تۈگىمەس بايلىق توپلىغان، شۇنىڭ بەدىلىگە شەرەپ ۋە سائادەتكە ئېرىشكەن ياش ئالىملىرىمىزنى داۋاملىق تونۇشتۇرماقچىمىز. بۇ ساندا مەملىكىتىمىز بويىچە ئۇيغۇرلاردىن چەت ئەلدە سىستېملىق تەربىيىلىنىپ، تۇنجى بولۇپ ئالتايشۇناسلىق دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس لېتىپ توختىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.



# ئىجتىھاتنىڭ كۈچى

—— مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى ئۇيغۇر ئالتايشۇناسلىق دوكتورى، تىلشۇناس لېتىپ توختى توغرىسىدا

ئەنۋەر مۇھەممەد

لېتىپ توختى 1953-يىل 2-ئاينىڭ 15-كۈنى شىنجاڭ توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىسى قارا بۇلاقتىكى شېرىپ كارىز مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953-يىلدىن 1959-يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ، ئاساسەن كۆيۈمچان مومىسىنىڭ سۆيۈنۈپ بېقىشى ۋە تەلەپچان تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. 1959-يىلدىن 1960-يىلغىچە

بۇلاق مەھەللىسىدىكى شېھىت قارىي ئاچقان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن بۇ مەكتەپ تاقىلىپ كەتكەندىن كېيىن 1960-يىلدىن 1964-يىلغىچە قارا بۇلاق باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان. 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا مەملىكەت بويىچە يۈز بەرگەن قىيىنچىلىق ئاپىتىدە ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاشۇ بىر ئەۋلاد جاپاكەش بالىلار قاتارىدا ھەر تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەتلەرنى يەتكۈچە تارتىپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كۆپ تاۋلانغان ۋە بالدۇر پىشىپ يېتىلگەن.

ئۇ 1964-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن، ئەمما تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ داۋاملىق ئوقۇشقا شارائىت يار بەرمىگەن. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن كەلگەن خەنزۇ ئائىلىلىرىدىكى مەكتەپ يېشىغا يەتكەن بالىلارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن قارا بۇلاق باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئېچىلغان خەنزۇ سىنىپىدا 1965-يىلدىن 1968-يىلغىچە ئوقۇغان. ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلىملىرىدىن بۇرۇنلا ئاساسى بولغاچقا، مۇھىمى خەنزۇ تىلىنى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، ناھايىتى ياخشى ئۆگەنگەن. بىراق بۇ كۈنلەر ئۇزاققا بارمىغان. مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ھەرىكىتى شەھەرلەردىن يېزىلارغا كېڭىيىپ، ھەممە مەكتەپلەر پالەچ ھالغا چۈشكەندە، ئۇ ئاشۇ تەتۈر ئېقىمدا سۆرۈلۈپ يۈرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي ھەممە مەكتەپلەر تاقالغاندا، ئۇمۇ ”قايتا تەربىيە ئېلىش“ ئۈچۈن يېزىغا قايتقان زىيالىيلار قاتارىدا دېھقان بولغان.

ئۇ 1969-يىلدىن 1972-يىلغىچە ئۆز كەنتىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا پائال قاتناشقان. ئۇ شۇنداق تىرىشىپ ئىشلەپ يۈرۈپ، كەنتتىكى غوللۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن بولۇپ قالغان، 1971-يىلى كەنتنىڭ بوغالتىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، خەنزۇچە ئاساسى ياخشى بولغاچقا، چوڭ-كىچىك يىغىنلارنىڭ تەرجىمانلىقىنىمۇ قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى قانچىلىك تاپالىسا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ ماڭغان.

1971-يىلدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپلەر قايتىدىن ئېچىلىپ، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئىچىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەم قايتا تەربىيىدىكى ياشلار ئارىسىدىن ئىشچى، خىزمەتچى، ئەسكەر قوبۇل قىلىش باشلىنىپ، ئوقۇش ياكى خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى يول ئۇنىڭ تاللىشىغا قويۇلغان چاغدا، لېتىپ توختى قىلچە ئىككىلەنمەي، ئوقۇش يولىنى تاللىۋالغان ۋە بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەچ، ئوقۇش پۇرسىتىنى داۋاملىق كۈتكەن ھەم ئىزدىگەن. كېيىنكى ئىشلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك ئوڭۇشلۇق بولغان. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ھەمدە يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ بىردەك سايلاپ كۆرسىتىشى بىلەن 1972-يىلى 8-ئايدا ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغان. بۇ ئەلۋەتتە لېتىپ توختىنىڭ ھاياتىدىكى بىر چوڭ بۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ 1972-يىلدىن 1975-يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى كەسپىدە ئوقۇغان، ئۇ ۋاقىتلاردا مەملىكىتىمىزنىڭ مائارىپ تۈزۈملىرى تېخى مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەن ھەم ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىكى سولچىللىق، شوئارۋازلىق ئاسارىتىدىن تېخى تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن، دەرسلەر مۇنتىزىم ئەمەس بولسىمۇ، لېتىپ توختى بوش ۋاقىت تاپسىلا ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، خەنزۇچە ئاساسى ئەسلىدىنلا ياخشى بولغاچقا يەنىمۇ تىرىشىش نەتىجىسىدە، خەنزۇ تىلىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئۆ-

گىنىۋالغان، ساۋاقداشلىرى ئۇنى ھەقلىق يوسۇندا
"تىرىك لۇغەت" دەپ تەرىپلەشكەن. ئۇ باشقا
پەنلەرنىمۇ قىزىقىپ ئۆگىنىپ، ھەممىسىدىن ئەلا
نەتىجىگە ئېرىشكەن. 1975-يىلى 9-ئايدا ئوقۇش
پۈتتۈرۈپ، مەكتەپكە-ئۆزى ئوقۇغان فاكۇلتېتقا
ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1975-يىلدىن
1979-يىلغىچە ئۆز فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر تىلى
گراماتىكىسى ۋە خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تەرجىمە نە-
زەرىيىسى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن.

"مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن كېيىن مەم-
لىكىتىمىزدە مائارىپ ئىشلىرى ھەقىقىي جانلىنىشقا
يۈزلەنگەن ياخشى ۋەزىيەتتە، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززا-
سى بىلەن لېتىپ ئەپەندىدەك ياش ئوقۇتقۇچىلارغا
بىردىن چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش تەلىپى ئوتتۇرىغا
قويۇلغاندا، ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن
ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. 1979-يىلى
ياش ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىن ئاسپىرانت قوبۇل
قىلىش باشلانغاندا، ئۇ خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ماگىستېرلىق ئاسپى-
رانتلىقىغا ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنغان ۋە
1982-يىلغىچە ماگىستېرلىق ئاسپىرانتى بولۇپ
ئوقۇغان، بۇ جەرياندا ئىنگلىزچە، رۇسچە، تىلشۇ-
ناسلىق، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، قەدىمكى
زامان تۈرك تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى
(فونېتىكا، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، ھازىرقى
ۋە قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلى، سىياسىي ئىقتىساد،
مىللەتشۇناسلىق قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەنگەن،
1982-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بە-
لەن خەنزۇچە يازغان «ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيە-
سى ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى ئارقىلىق
ماگىستېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

لېتىپ ئەپەندى 1982-يىلدىن 1985-
يىلغىچە ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى-
دىن دەرس ئۆتۈش بىلەن بىرۋاقىتتا ئىنگلىز تىلە-
نى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ھەرگىز بوشاشتۇرمە-
غان ھەمدە ئاتاقلىق تىلشۇناس خۇ تەن ئەپەندى-
نىڭ ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئاچقان ئامېرىكا تىلشۇ-
ناسلىقى كۇرسىغا قاتناشقان. بۇ كۇرستا ئۇ بىر
تەرەپتىن ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى تىلشۇناسلىق ئې-
قىملىرىنىڭ نەزەرىيىلىرى بىلەن تونۇشقان بولسا،
يەنە بىر تەرەپتىن دەرسلىك پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە
بولغاچقا، كەسپىي ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش پۇر-
سىتىگە ئىگە بولغان. بۇ پۇرسەت ئۇنىڭغا يەنە
ئاجايىپ ياخشى پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. شۇ
چاغدا ئامېرىكىدىن يېڭىدىن قايتىپ كېلىپ لېكسى-
يە سۆزلەۋاتقان خۇ تەن ئەپەندى ئۇنىڭ ئىزدى-
نىش روھىغا باي، تىرىشچان، تەلەپچان ئوقۇتقۇ-
چى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۇرس تاماملىنىش ئال-
دىدا ئۇنىڭغا ئەگەر ئامېرىكىغا بېرىپ تىلشۇناسلىق
ئىلمىدا بىر-ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇش ئارزۇسى
بولسا ئۆزىنىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن
ۋە ئۇ يەرگە قوبۇل قىلىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن
ئىنگلىزچە توفۇل (ئىنگلىزچىنى چەت ئەل تىلى
قاتارىدا ئۆگەنگۈچىلەر ئىمتىھانى) دىن ئۆتۈش كې-
رەكلىكىنى ئېيتقان. لېتىپ ئەپەندى ئۇخلاپ چۈ-
شىگىمۇ كىرىپ باقمىغان بۇ خۇشاللىق ئىشتىن
خەۋەر تېپىپ تېخىمۇ روھلىنىپ كەتكەن ۋە ئاشۇ
ئىمتىھاندىن چوقۇم ئۆتۈشكە بەل باغلىغان. تەش-
كىلنىڭ قوللىشى بىلەن ئىمتىھان ئالدىدىكى بىر
مەۋسۇمدە ئىشتىن توختاپ تەييارلىق قىلغان، ئۈن-
ئالغۇ، رادىئولاردىن ئۆگەنگەن، بۇرۇنقى توفۇل
ئىمتىھانىنىڭ سوئال-جاۋابلىرىنى تەكرارلىغان،
كىچىك تېپتىكى ئىنگلىزچە-خەنزۇچە لۇغەتنى ياد-
لاپ بولغان. شۇنداق قىلىپ ئەسلىدە "ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر تىلى" بويىچە ماگىستېرلىق ئۇنۋانىنى
ئېلىپ بولغان لېتىپ ئەپەندى تېكساس ئۇنىۋېرسى-
تېتى (ئارلىڭتوندىكى) تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىغا ئومۇمىي تىلشۇناسلىق ماگىستېرلىققا

ئاسپىرانت بولۇپ قوبۇل قىلىنغان.

1985-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى لېتىپ ئەپەندى ئامېرىكىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ يات ئەلدىكى جاپالىق ئەمما شەرەپلىك ئىلىم سەپىرىنى باشلىغان. ئۇ ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن كۆيۈمچان ئۇستازى جېررى ئېدموندسوننىڭ ھەر جەھەتتىن قىلغان ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىدە، 1986-يىل 8-ئاينىڭ 16-كۈنىگىچە تېكساس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئومۇمىي تىلشۇناسلىق بويىچە ماگىستېرلىق ئاسپىرانتى بولۇپ ئوقۇغان. بۇ جەرياندا تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى، ئايلاندۇرما-ئايىنىتما گىراماتىكا، فۇنكسىيىلىك گىراماتىكا، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، ئايىنىتما فونولوگىيە ۋە خەنزۇچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما تەتقىقات قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەنگەن. دەرسلەر پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە ئۆتۈلگەچكە، ئۇ دەسلەپكى مەۋسۇمدە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتىپ، ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسىنى بولۇپمۇ كەسپىي ئىنگلىزچە سەۋىيىسىنى تېز ئۆستۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن 2-مەۋسۇمدىن باشلاپ ئۇنىڭ نەتىجىلىرى ياخشىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەن، بۇ جەرياندا ئۇ يەنە پروفېسسور جېررى ئېدموندسونغا ياردەمچى تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەگەن، 1986-يىلى 9-ئايدا سىياتىلدىكى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىللىق ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىنغان ھەم 1987-يىل 6-ئايغىچە شۇ مەكتەپكە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتكەن. بىر يىللىق خىزمەت ئاخىرلاشقاندا ئۇنى تەكلىپ قىلغان شۇ مەكتەپنىڭ ئاسىيا تىللىرى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھەمدە ئۇنىڭ بولغۇسى ئۇستازى جېررى نورمان ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرۋاقىتتا ئۇنى شۇ يەردىلا ئالتايشۇناسلىق بويىچە دوكتورلۇق ئاسپىرانتى بولۇپ ئوقۇشقا تەكلىپ بەرگەن. بۇنىڭدا لېتىپ ئەپەندىگە مۇنداق ئىككى ئوڭۇشلۇق شارائىت بار ئىدى: بىرى، ئۇنىڭ جۇڭگودا ئالغان ماگىستېرلىق ئۇنۋانى ئالتايشۇناسلىق كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن بىۋاستە ئوقۇسا بولىۋېرەتتى. يەنە بىرى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىلەن ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ئۆزئارا ئوقۇغۇچى ۋە تەتقىقاتچى ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى ۋە ئالتايشۇناسلىق كەسپىنىڭ مۇھىملىقىغا ئاساسەن ئۇ ھەر يىلى ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشەلەيتتى. شۇڭا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئاسپىرانتى بولۇشنى تاللىغان.

لېتىپ ئەپەندى 1987-يىل 9-ئايدىن 1994-يىل 7-ئايغىچە ئامېرىكا سىياتىل ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا تىللىرى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا پروفېسسور جېررى نورماننىڭ ئۇستازلىقىدا ئالتايشۇناسلىق دوكتور ئاسپىرانتى بولۇپ ئوقۇغان ھەم ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئايلاندۇرما-ئايىنىتما گىراماتىكا، ئايلاندۇرما-ئايىنىتما مورفولوگىيە، مورفولوگىيە فونېتىكىسى، ئالىي سىنتاكسىس، ئامېرىكا تىلشۇناسلىق تارىخى، تۈركىي تىللار تەتقىقاتى (فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس)، تۈرك ئەدەبىياتى، ئالتاي تىلشۇناسلىقى نەزەرىيىسى ۋە تارىخىي تەتقىقاتى، جۈملىدىن تۈركىي تىللار، موڭغۇل، مانجۇ-تۇنگۇس، چاۋشيەن تىللىرىنىڭ تاۋۇش ۋە مورفولوگىيە سىستېمىسى ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات، ھىندى-ياۋروپا تىلشۇناسلىقى نەزەرىيىسى، قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلى تاۋۇش-رىتىمشۇناسلىقى، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى سىنتاكسىسى قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇغان ھەمدە نېمىس تىلى، موڭغۇل تىلى، مانجۇ تىلى ۋە ناناي تىلى قاتارلىق تىللارنى ئۆگەنگەن. ئۇ يەنە 1989-يىل 6-ئايدىن 9-ئايغىچە ۋە

1993 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1994 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە ستېبلا نورمان خانىمنىڭ ياردەمچى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ باشلانغۇچ سىنىپلىرىغا دەرس بەرگەن. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرگە كۆپ قېتىم بېرىپ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇغان ھەم ئۇيغۇر مىللىتى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرغان. لېتىپ ئەپەندىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى — «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورتاق ئالتاي تىلىنىڭ پېئىل قوشۇمچىلىرى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسى تەكشۈرۈش ـ باھالاش كومىتېتىنىڭ يۇقىرى باھالىشى ۋە ماقۇللىشىدىن ئۆتكەن ھەم لېتىپ ئەپەندىگە ئالتايشۇناسلىق دوكتورى ئۇنۋانى بېرىلگەن. ئىجتىھاتلىق بۇ ياش ئالىم ئامېرىكىدىكى توققۇز يىللىق ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ھەم ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 1994 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋەتەنگە زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندىن بۇيان، ئانا مەكتىپى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپتىكى ماگىستېرلىق ئاسپىرانتلىرىغا "ئالتاي تىلشۇناسلىقى"دىن دەرس بەردى، تۈركىي تىل ـ مەدەنىيەت فاكۇلتېتى (ھازىرقى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى) نىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى يىللىقلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلى دەرسىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا قېيىن نۇقتىلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئانا تىلى بويىچە چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ھەم ئىلمىيلاشتۇرۇپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ياراتتى، ئىنگلىز تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنگلىز مۇئەللىملەرنى باھالىغۇچىلىققا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەل تىلىغا بولغان قىزىقىشى ۋە ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتتى. ئالدىراش خىزمەتنىڭ سىرتىدا ئۇ يەنە تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېلىمىزنىڭ ئالتايشۇناسلىقى ئىلمى ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، «ئالتاي تىلشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە» ناملىق كىتابنى تېزرەك يېزىپ پۈتتۈرۈشكە كىرىشتى؛ ھەر قېتىملىق تىلشۇناسلىق يىغىنلىرىدا ماقالە قاتناشتۇردى ۋە ماقالىلىرىدىكى يېڭى كۆز قاراش، تەتقىقات ئۇچۇرى، شۇنىڭدەك تەتقىقات چوڭقۇرلۇقى بىلەن كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ قايىللىقىنى قوزغىدى. ئۇ ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو قوش تىل ئوقۇتۇش تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ئۇ شۇنچە ئالدىراش خىزمەت، شۇنچە كۆپ، شەرەپلىك سالاھىيەت، شۇنچە ئېغىر مەسئۇلىيەت ئالدىدا يەنە ئۆزىدىن قىلچە قانائەتلەنمەي، ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سەپىدە، تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇر مەنزىلىدە ئۆز ئارزۇيى ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلماقتا.

لېتىپ ئەپەندى ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بولۇپ ئون پارچىغا يېقىن، قىممىتى يۇقىرى ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ئۇيغۇر تىلىنى چەت تىل قاتارىدا ئۆگىنىشتىكى ئىملا توسالغۇلىرى» قاتارلىق سەككىز پارچە تەرجىمە ئەسىرىنى خەنزۇچىدىن، ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇردى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرنەچچە پارچە ئوبزور ۋە ئۆگىنىش تەسىراتىنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق

5-ساندا ئېلان قىلىنغان «خىجالەتتىن كېيىنكى تەسىرات» (ئامېرىكىدا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشتىن خاتىرە) دېگەن ماقالىسىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. خەنزۇچە چىقىدىغان «مىللەتلەر تىل-يېزىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىدىكى باغلانما (بېقىنما) جۈملە» ناملىق ماقالىسى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1996-يىللىق پەن-تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. لېتىپ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش روھىغا تايىنىپ ئېرىشكەن شەرەپلىك ئۇنۋانى ۋە قازانغان نەتىجىلىرىگە ئاساسەن 1994-يىل 10-ئايدا دوتسېنت كەسپىي ئۇنۋانىنى ئالدى. 1997-يىلى 6-ئايدا مەكتەپ بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ئۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە «ئالتاي تىلشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ فۇنكسىيىلىك گراماتىكىسى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئايلاندۇرما-ئايىنتما گراماتىكىسى»، «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئاساسلىرى» ناملىق تۆت كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلىغان دەرسلىك «ئۇيغۇر تىلى كۇرسى» ۋە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى—«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورتاق ئالتاي تىلىنىڭ پېئىل قوشۇمچىلىرى»نى كىتابخانلار بىلەن تېزدىن يۈز كۆرۈشتۈرۈش پىلانىمۇ بار ئىكەن. ئەلۋەتتە، بازار ئىگىلىكى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ھەممە نەرسە تاۋارلاشقان مۇشۇنداق شارائىتتا، ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ جەمئىيىتىمىزدە دېگەندەك بازار تاپالماسلىقىدىن، كۈتكەندەك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئىلمىي ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭمۇ بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەسلىكى، ئىقتىسادىي كاپالەتنىڭ يوقلۇقىدىن بېشى قاتماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ لېتىپ ئەپەندىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ مەسىلىمۇ بىر كۈنلەردە ھەل بولۇپ كېتەر.

مەن بۇ ھۆرمەتلىك ئۇستاز بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ شانلىق ئىلىم ھاياتىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: "ئۆزەمنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىش تارىخىمنى ئەسلىسەم، ماڭا ئۆزەمنىڭ تىرىشچانلىقىدىن باشقا، يەنە ئاتا-ئانامنىڭ تەربىيىسى ۋە قوللىشى، مەكتەپتىكى ئۇستازلارنىڭ كۆيۈنۈپ ئىلىم ئۆگىتىشى، ئايالىمنىڭ ھىمايىسى، شۇنىڭدەك ھەربىر ھالقىلىق پەيتلەردە تەشكىلنىڭ قوللىشى ۋە قولايلىق يارىتىپ بېرىشى قاتارلىقلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. بۇ يەردە يەنە مومامنىڭ گۆدەك چاغلىرىمدىكى تەلەپچان تەربىيىسىنى ۋە ئايالىمنىڭ مەن ئامېرىكىدىكى توققۇز يىللىق ئوقۇش ۋە خىزمىتىمنى تاماملاپ كەلگۈچە ئىككى بالىمىزنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشىنى ۋە پۈتۈن ئۆي ئىشلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، مەدەت بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمەن. مومام ناھايىتى تەقۋادار ئايال ئىدى، مېنى دىنىدا ئوقۇتۇپ قازى قىلغۇسى بار ئىدى، تارىخىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن ئۇنداق بولالمىغان بولسامىمۇ، لېكىن بىر مۇسۇلمان بەندىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزەمگە خاس بىر خىل جۇشقۇن ئەقىدىنى ساقلاپ كەلدىم، ئىسلام دىنىنىڭ رېئاللىقى كۈچلۈك دىن ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنچە ئىلىمگە شۇنچە بېرىلدىم. بولۇپمۇ تۈرلۈك ئىرق، مىللەت، دىن، پەلسەپە، پەن، سەنئەت بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئامېرىكىدا شۇنداق قىلدىم. مېنىڭچە، بىلىمسىز ئادەم ئۆزىنىڭ روھىي زىندانىدىكى مەھبۇسقا ئوخشايدۇ، خەيرلىك ئېتىقاد، ئىجتىھات ۋە ئىلىملا ئىنساننى روھىي يورۇقلۇققا، كامالەتكە باشلىيالايدۇ".

# ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى

ئىلھام توختى

ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپلا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىر خىل ئېتىقاد، مەدەنىيەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان مىڭ يىلدىن ئۇزاق مەزگىل جەريانىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتىگە، قىممەت قارىشىغا، ئىقتىسادىي ئىدىيىسىگە ۋە ئىقتىسادىي پائالىيىتىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى توغرا تونۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى توغرا تونۇش ۋە يېتەكلەشتە مەلۇم نەزەرىيىۋى ھەم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسى**

ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسى دېگەن بۇ تېما ناھايىتى چوڭ تېما بولۇپ، ئۇنى سىستېمىلىق بايان قىلىش ناھايىتى مۇرەككەپ ھەم قىيىن. شۇڭا ئۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ كۆپ قاتلاملىق چوڭقۇر ئىزدىنىشى ۋە ئۇزاق تەتقىق قىلىشىغا موھتاج.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى «قۇرئان كەرىم» بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىقتىسادقا ئائىت ئايەتلەرنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ئىسلام دىنى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەشنى، ھالال ئەمگەككە تايىنىپ ياشاش ۋە بېيىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئىدىيە «قۇرئان كەرىم»دىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە بايان قىلىنغان. مەسىلەن، "ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللانى كۆپ ياد ئېتىڭلار" (62-سۈرە، 10-ئايەت). "كۈندۈزنى (سىلەر) تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق" (78-سۈرە، 11-ئايەت). ئىسلام دىنى ئەمگەكنى ۋە ئەمگەكچىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ، باقىي دۇنياغا ئېتىبار بىلەن قاراپلا قالماستىن، بەلكى پانىي دۇنياغىمۇ ئېتىبار بېرىدۇ. بەندىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئېتىبار بىلەن قاراپلا قالماستىن، بەلكى ماددىي تۇرمۇشىغىمۇ ئېتىبار بېرىدۇ. "ئاللا ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن" (28-سۈرە، 77-ئايەت). "نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەرقانداق ياخشى ئەمەل بولسا، ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر، ئاللا ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر" (2-سۈرە، 110-ئايەت). "(بىز سىلەرگە) رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ-ئىچىڭلار (دېدۇق)" (2-سۈرە 57-ئايەت).

2) ئىسلام دىنى كۆپ خىل ئىگىلىكنى ئەتراپلىق، تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى يېزا ئىگىلىكىنى ھەر خىل ئىگىلىكنىڭ ئاساسى دەپ قاراپ، بەندىلىرىنى يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. "ئاللا بۇلۇتتىن يامغۇر سۇيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر-بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى، شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، (ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ) يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا ئاللانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار" (6-سۈرە، 99-ئايەت). ئىسلام دىنى ئاللاتائالا ئۆز بەندىلىرىنىڭ ياشىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر زېمىن، سۇ، ھاۋا-كېلىمات، مۇنبەت تۇپراق شارائىتىنى ياراتتى دەپ قارايدۇ. ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق مۇنداق دېيدۇ: "ھەرقانداق مۇسۇلمان دەرەخ تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇشلار ياكى ئىنسانلار ياكى ھايۋانلار يېسە، مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ" («سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قىستىلانى شەرھى»، 112-113-بەتلەر)، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۇنىڭ مېۋىسىدىن كىمنىڭ بەھرىمەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ئالىيجاناپ بىر ئىشتۇر.

ئىسلام دىنى چارۋىچىلىقنى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تارمىقى دەپ قارايدۇ. "ئاللا چارۋا ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلار (نىڭ يۇڭى ۋە تېرىسى) بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلار (نىڭ نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغى) دىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇلار(نىڭ گۆشلىرى)نى يەيسىلەر" (16-سۈرە، 5-ئايەت). "ئۇلار يۈك-تاقلىرىڭلارنى سىلەر جاپا-مۇشەققەت بىلەن ئاران يېتىپ بارالايدىغان جايلارغا كۆتۈرۈپ بارىدۇ، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ھەقىقەتەن شەپقەتلىكتۇر ۋە مېھرىباندۇر. ئاللا ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى" (16-سۈرە 7-8-ئايەتلەر). «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى رولى سۆزلەنگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر كۆپ.

ئىسلام دىنى سانائەت ئىگىلىكىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى رولى ۋە مۇھىملىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى نۇرغۇنلىغان ئايەتلەردە تۆمۈر تاۋلاش، كېمە ياساش ۋە ئۇرۇش قوراللىرىنى ياساش، ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرىنى ياساش قاتارلىق كەسىپلەر تىلغا ئېلىنغان، شۇنداقلا بۇ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ياخشى باھا بېرىلگەن. نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەردىمۇ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى سۆزلەنگەن. گەرچە ئىسلام دىنىنىڭ سانائەت توغرىسىدىكى ئىدىيىسى تارقاق ۋە ۋاستىلىك ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، بىز «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتىن ئىسلام دىنىنىڭ سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

3) ئىسلام دىنى سودا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك دەپ قارايدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دىكى 24 سۈرىدە سودا توغرۇلۇق بىۋاستە سۆزلەنگەن ئايەتلەر بار. "ئى مۆمىنلەر! سودا-سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللانىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار" (2-سۈرە، 254-ئايەت). ئىسلام دىنى سودا بولمايدىغان كۈننى قىيامەت كۈنى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى سودا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىدۇ ۋە سودا كەسپىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام دىنى سودا ساغلام، ئادىل بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. "ئاللا سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى" (2-سۈرە، 275-ئايەت). "ئى قەۋمىم سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار" (11-سۈرە، 85-ئايەت).

ئىسلام دىنى سودىدا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئىناۋەتلىك سودا قىلىش، خىيانەت قىلماسلىق كېرەك دەپ قارايدۇ. "ئى مۆمىنلەر! بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا-سېتىق ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا" (4-سۈرە، 29-ئايەت).

4) ئىسلام دىنى شەخسىي مۈلۈك مۇقەددەس، دەخلى-تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. "بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار" (2-سۈرە، 188-ئايەت). "ئەھلى كىتابتىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭدا كۆپ مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭدا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغىچە (يەنى قايتا-قايتا سۈيلىمىگىچە) ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: 'ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس)' دېدى، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللا نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار باشقا دىندىكىلەرگە زۇلۇم قىلسا گۇناھ بولىدۇ) (3-سۈرە، 75—76-ئايەتلەر). بۇنىڭدىن ئايانكى، ئىسلام دىنى مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ ياكى غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ مال-مۈلكىگە دەخلى-تەرۇز قىلىش گۇناھتۇر دەپ قارايدۇ.

ئىسلام دىنى شەخسىي مۈلۈك مۇقەددەس، ئۇنىڭغا دەخلى-تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارىغاچقا، خىلمۇخىل مىراسخورلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتى، مىراس تەرتىپى، مىراس سالمىقى سۈرە، ئايەتلەردە قانۇنلاشتۇرۇلغان.

5) ۋەخپە تۈزۈمى، زاكات تۈزۈمى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنىڭ بىرى. "ۋەخپە" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، شەرىئەتكە مۇۋاپىق تەسىس قىلىنغان جامائەت مۈلكى، پاراۋانلىق ئىشلىرى، خەيرىيەت تەشكىلى، خەيرىيەت فوندى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. "ماللىرىنى كېچە-كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير-ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ" (2-سۈرە، 274-ئايەت). "زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، ...

قەرزدارلارغا، ئاللانىڭ يولىغا، ئىبن سەبىللەرگە بې-
رىلىدۇ، بۇ ئاللانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر“ (9–سۈرە
60–ئايەت). «قۇرئان كەرىم»دە ۋەخپە تۈزۈمى،
زاكات تۈزۈمى قانۇنلاشتۇرۇلغان.

6) ئىسلام دىنى تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتە
تەڭ تەقسىماتچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ئەمگەككە قا-
راپ تەقسىم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ”ئىنسان
پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى
كۆرىدۇ“ (53–سۈرە، 39–ئايەت). شۇنىڭ بىلەن
بىرۋاقىتتا، كىشىلەر ئەمگەك ئىقتىدارى، ئەمگەك
پوزىتسىيىسى جەھەتلەردە پەرقلىق بولغانلىقتىن بىر
قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا رۇخسەت قىلى-
دۇ. ”ئاللا سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رى-
زىقتا ئۈستۈن قىلدى، رىزىقتا ئۈستۈن قىلىنغانلار
ئۆزلىرىنىڭ رىزىقىنى رىزىقتا باراۋەر بولۇش ئۈچۈن
قول ئاستىدىكى قۇللارغا بەرمەيدۇ، ئۇلار ئاللانىڭ
نېمىتىنى ئىنكار قىلىشامدۇ؟“ (16–سۈرە، 71–
ئايەت). ئىسلام دىنى يەنە پۇتكۈل بەندىلەر ئىش-
لەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش
جەھەتتە باپباراۋەردۇر، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاس-
تىلىرىنىڭ ئورتاق ئىگىسى دەپ ھېسابلايدۇ.
”بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسگە پەرۋەردى-
گارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگا-
رىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قى-
لىنمايدۇ“ (17–سۈرە، 20–ئايەت).

7) ئىسلام دىنىدا ئىستېمال ئىقتىسادىي ئى-
دىيىسى ناھايىتى مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق بو-
لۇپ، ئىستېمال مۆۋاپىق بولۇش، يوللۇق بولۇش،
ئىسراپچىلىق قىلماسلىق كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ
خىل ئىدىيە «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە، ئايەتلەر-
دە قانۇنلاشتۇرۇلغان. ”ئۇلار (يەنى ئاللا ياخشى
كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپ-
چىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا
ھال خىراجەت قىلىدۇ“ (25–سۈرە، 67–ئايەت).
”ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ
ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان)
كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ
قىلماڭلار، ئاللا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن
ياقتۇرمايدۇ“ (7–سۈرە، 31–ئايەت.) شۇنىڭ بى-
لەن بىرۋاقىتتا، ئىسلام دىنى يەنە ھەددىدىن ئار-
تۇق قىسىپ، تېجەپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ قارشى
تۇرىدۇ. ئۇنداق قىلىش خەلققە، جەمئىيەتكە، ئىق-
تىسادنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز، زىيانلىقتۇر.
”ئاللا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى
پۇل–مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى
ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن،
ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ
بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلار-
نىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسماننىڭ ۋە
يەرنىڭ مىراسى ئاللانىڭدۇر“ (3–سۈرە، 180–
ئايەت). ئىسلام دىنى يەنە ئىسلام دىنىدا چەكلەن-
گەن (ھارام ھېسابلىنىدىغان) ئىستېمال پائالىيىتى
بىلەن شۇغۇللىنىشنى گۇناھ ھېسابلايدۇ.

### 2. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى

1) ئىگىلىك قۇرۇلمىسىغا بولغان تەسىرى.
ئىسلام دىنى كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ بىرلىكتە مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ قىممىتىنى ئېنىق مۇقەر-
رەرلەشتۈرگەن. ئىسلام دىنى ھېچقانداق ئىگىلىكنى
كەمسىتمەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك تە-
رەققىياتىدا ”يېزا ئىگىلىك ئەلاچىلىقى“، ”سودا
ئەلاچىلىقى“ ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەسىرىنى كۆر-
مەيمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، كىشىلەرنىڭ ئى-
گىلىك كەسپىدىكى پەرقى ئىش تەقسىماتىنىڭ
ئوخشىماسلىقىدىندۇر، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ پەس
ياكى ئالىيجانابلىقىدىن ئەمەستۇر. پەقەت ئۆز
كەسپىگە توغرا، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلسىلا مېھ-

نىتكە لايىق ھوسۇلغا، ئاللانىڭ مۇۋاپىق ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدۇ. سودا ئىگىلىكى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياخشى كۆرىدىغان كەسىپلەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سودا ئىگىلىكى ئۇيغۇرلاردا تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئۇيغۇرلار سودا كەسپىنى دىنىمىز شۇغۇللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كەسىپ دەپ بىلىپ تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، ئۇيغۇر ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك. ئۇيغۇرلار بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى (دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى)، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق (يايلاق چارۋىچىلىقى، ئائىلە باقمىچىلىقى)، سودا-سانائەت، كانچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەت. ئاپتورنىڭ ئاتۇش، قەشقەر شەھرىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، گەرچە بۇ رايونلاردا يايلاق سىغىمچانلىقى كىچىك، سۈپىتى تۆۋەن، شارائىتى ناچار بولسىمۇ، ئۇيغۇرلاردا ئائىلە باقمىچىلىقى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغانلىقتىن قوي، كالا، توخۇ گۆشلىرى يەرلىك بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماستىن، باشقا رايونلارغا يۆتكەپ سېتىلىپ، تاۋار قىممىتىنى شەكىللەندۈرگەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن يەرلىك ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئائىلە باقمىچىلىقى مەھسۇلات قىممىتى يەرلىك يايلاق چارۋىچىلىقى مەھسۇلات قىممىتىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن. ئوچۇق بازار دائىرىسىدە ئۇيغۇرلاردا سودا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار سان ۋە نىسبەت جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىكەن. گەرچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىقلارنىڭ مەيدانى شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن خېلىلا كىچىك ھەم سۇ، تۇپراق جەھەتلەردە شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن ناچار بولسىمۇ، ھەر خىل سېلىنما شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن خېلىلا ئاز ھەم ناھايىتى كەمچىل شارائىتتا ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئوخشاش سەۋىيىنى ساقلاپ كەلگەن. پاختا، مېۋە، پىلە قۇرتى، سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمانلىق مەھسۇلات مىقدارى (كۆلىمى) شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىكەن. شىنجاڭ بازارلىرىدىكى مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىمۇ ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىرى تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمگەك ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئىگىلىك (كەسىپ) قارىشىنى ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق ئاددىي، ئىخچام قىلىپ تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ. يېزا ئىگىلىكى توغرىسىدا: "بېغى بارنىڭ تېغى بار"، "بىرنى كەسسەڭ ئوننى تىك"، "دېھقانچىلىق چەلىق-چىلىق، بولمىسا غېرىبچىلىق"، "چارۋا مال باراڭ"، "سۇ يەرنىڭ قېنى، يەر دېھقاننىڭ جېنى"، "ئورۇقۇڭنى يېگىچە ئۆزۈڭنى يە"، "ياخشى دېھقان ئۇلاغنى باقىدۇ، يامان دېھقان قامچىنى قاقىدۇ". ھۈنەر، سودا توغرىسىدا: "گۆھەرلىك بولۇشتىن ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق"، "رەخت پۇل ئەمەس، ھۈنەر پۇل"، "ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس، دوست-دۈشمەنگە زار بولماس"، "ئەر كىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز"، "ئاتاڭمۇ بازار، ئاناڭمۇ بازار"، "كاجنى بازار ئوڭلار، ساراڭنى مازار"، "كۈنۈڭ ئۆتمىسە بازار چۆگىلە"، "پۇلنى پۇل تاپار"، "سودا ساقال سېپىغىچە"، "ياخشى مال ئۆزىنى ئۆزى ماختايدۇ".

دېمەك، ئۇيغۇرلار ھەممە كەسپىنىڭ (ئىگىلىكنىڭ) ئۆزىگە لايىق ئارتۇقچىلىقى، رولى بار دەپ قارايدۇ، ئۆز كەسپى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئىگىلىك (كەسىپ) قارىشىنىڭ تەسىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

2) ئىسلام دىنىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاش ۋە بېيىشتىن ئىبارەت ئەمگەك قىممەت قارىشى ئۇيغۇر خەلقىگە شىجائەت، تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىش روھىنى سىڭدۇرگەن. ئۇيغۇرلار تاغ-باياۋان، چۆل-جەزىرىلەر بىلەن ئورالغان بوستانلىقلاردا جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، كۆپ خىل بوستانلىق ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى قاتناش قولايسىز، ئۆزگىرىشچان جۇغراپىيىلىك شارائىت، بېكىنمە ئۇچۇر شارائىتى، تىل ۋە تۇرمۇش قولايسىزلىقى قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي، سىياسىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ خىل سودا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى، بۇ ئارقىلىق كۈچلۈك، چىداملىق روھقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك تەۋەككۇلچىلىك، ئىنتىلىشچان روھقىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. "دۇنيانىڭ ئۆگزىسى" دەپ ئاتالغان چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن تارتىپ ئىچكىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا-قىشلاقلىرىغىچە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرەلەيمىز. ھەتتا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى دۆلەت ئاتلاپ، كۈچلۈك رىقابەت بىلەن تولغان ئۆزگىرىشچان دۇنيا بازارلىرىدا رىقابەتكە چۈشتى. ئاپتورنىڭ تەكشۈرۈپ ئىگىلىشىچە، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىدىكى ئاساسلىق قوشۇنغا ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىدا كۈچلۈك رىقابەت كۈچىنى ئىپادىلىمەكتە. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى شەكىللەندۈرگەن ئەمگەك قىممەت قارىشىنى ماقال-تەمسىللەر ئارقىلىق ئاددىي، ئىخچام ئۇسۇل بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ: "بىكاردىن خۇدا بىزار"، "ئاۋۋال ئىشلە، ئاندىن ئوينا"، "بىكار بولساڭ كىيىمەك تاسقاپ يە"، "بىكار تۇرغىچە بىكار ئىشلە"، "بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما"، "گەپدان بولغۇچە ئىشچان بول"، "ئىش ئاشقا تارتىدۇ، ھورۇنلۇق باشقا"، "ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق"، "جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق"، "قولدەك ئىشلەپ بەگدەك يە"، "ئىشلەپ يېگەن لەززەتلىك، تىلەپ يېگەن مىننەتلىك". بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەمگەك قىممەت قارىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەمگەك قىممەت قارىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

3) ئىگىلىك تۈرىنى تاللاش ۋە ئىستېمال ئىقتىسادى جەھەتتىكى تەسىرى.

ئىسلام دىنى نۇرغۇن ئىگىلىك (كەسىپ) تۈرلىرىنى ئىلھاملاندۇرسا، ئايرىم ئىگىلىك تۈرلىرىنى چەكلەيدۇ. مەسىلەن، ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئېلىپ-سېتىش؛ زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئېلىپ-سېتىش؛ زىناخورلۇق، قىمار ئويناش ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك تىجارەت تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلارنى چەكلەيدۇ. يۇقىرىقى چەكلەنگەن تۈرلەر كىشلەرنىڭ ئىستېمال تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ چەكلىمىلەر ئۇيغۇرلاردا ھالال كەسىپلەرنىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا كەسىپلەرنىڭ زور تەرەققىي قىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، شۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا قاسساپچىلىق، يۇڭ-تېرىچىلىك ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش تەرەققىي قىلىپ، كۆلەم ئىگىلىكى شەكىللەنگەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستېمال ئىقتىسادىغا بولغان تەسىرىمۇ ناھايىتى زور. ئىسلام دىنىنىڭ ئىستېمال مۇۋاپىق بولۇش، يوللۇق بولۇش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىقتەك ئىستېمال پرىنسىپى ئۇيغۇرلاردا ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، مەرت بولۇش، تېجەشلىك بولۇش، ئەمما بېخىللىق قىلماسلىق، بۇزۇپ چاچماسلىق، ئەمما كۆپ خىل ۋە ئەھمىيەتلىك

خىراجەت قىلىشتەك ئىستېمال تۇرمۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن؛ ئۇيغۇرلاردا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاتا-ئانىغا كۆيۈنۈش، يېتىم-يېسىر، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش، نامراتلارنى يۆلەش بىر خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانغان؛ مەسچىت سېلىش، رېمونت قىلىش، مەكتەپ سېلىش، ماتارىيقا ياردەم بېرىش، يول ياساش، كۆۋرۈك ياساش، نامراتلارنى يۆلەش كۆپچىلىك ئاما خۇشاللىق بەغىشلاپ قىلىدىغان ئىشلارغا ئايلانغان. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مىللەتىمىزدە مەنمەنچىلىك بىلەن ئىستېمال قىلىش، بۇزۇقچىلىق قىلىش، ئىسراپچىلىق قىلىشتەك ناچار ئىستېمال مەدەنىيىتى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئادىتىگە، جەمئىيەت ئەخلاقىغا خىلاپ بولۇپلا قالماستىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىستېمال قىممەت قارىشىغىمۇ پۈتۈنلەي يات، مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىمۇ پايدىسىز.

4) كۆلەم ئىگىلىكىگە بولغان تەسىرى. ئۇيغۇرلاردا كىچىك تىجارەت، سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ. چوڭ تىجارەت، چوڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز. بۇنىڭدا تارىخىي، ئىجتىمائىي تۈزۈلمە خاراكتېرلىك سەۋەبلەر بولۇپلا قالماستىن، ئىسلام دىنىنىڭمۇ تەسىرى بار. ئەمما ھازىر بىر قىسىم ئۇيغۇرلار زامانىۋى بىرلەشمە سودا كارخانىلىرىنى، سانائەت بىرلەشمە كارخانىلىرىنى ياكى زامانىۋى بىرلەشمە يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنى قۇرۇپ مەلۇم دەرىجىدە كۆلەم ئىگىلىكىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى، ھەمكارلىقنى ئېتىبار بېرىدۇ، دىنىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدۇ. لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ كارخانىنى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بىلەن باشقۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ساپاسىدىكىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان تونۇشى ۋە كەسىپ ئىقتىدارى پەرقلىقتۇر.

5) پۇل-مۇئامىلە ۋە كەسىپىي ئەخلاق جەھەتتىكى تەسىرى. ئىسلام دىنىدا قانۇنلاشتۇرۇلغان "ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار... لېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇقول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار. پۈتۈكچىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زەيان يەتكۈزۈلمىسۇن" (2-سۈرە، 282-ئايەت). قويغان ئامانەتنى تولۇق قايتۇرۇشقا ئوخشاش پۇل-مۇئامىلە پرىنسىپلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل-مۇئامىلە ئىقتىسادى تۇرمۇشىدىكى تەسىرى خېلىلا زور. ئاپتورنىڭ ئاتۇش شەھىرى ئىشتاچى كەنتىنى ۋە بېيجىڭ ۋېيگۇڭسۈن ئۇيغۇر مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر خوجايىنلىرىدىن ئۇلگە ئېلىپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، تەكشۈرۈلگەن بارلىق كېشىلەرنىڭ قەرز بېرىش ھەم ئېلىش تارىخى بار ئىكەن. باشقىلارنىڭ ئامانىتىنى ياكى قەرزىنى ياندۇرمىسا گۇناھ بولىدۇ، يامان بولىدۇ دەپ قارايدىكەن.

ئۇيغۇرلاردا باشقا مىللەتكە قارىغاندا ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرىنى ئىستېمال قىلىش بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. بۇ مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ئايەت بار. "ئالتۇن-كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر" (3-سۈرە، 14-ئايەت). "ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ" (35-سۈرە 33-ئايەت).

ئۇيغۇلار ئۆلچەمنى، تارازىنى توغرا قىلماي كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرسە يامان بولىدۇ، باشقىلارنىڭ رىزقىنى يېيىش هارام؛ بۇ ئالەم ئالتە كۆنلۈك ئالەم، باشقىلارنى بۇزەك قىلسا، مەجبۇرلاپ ئىشقا سالسا يامان بولىدۇ، خورلۇقنى تارتىپ قالىمىز دەپ قارايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىدىكى "ئى مۆمىنلەر! بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا-سېتىق ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا" (4-سۈرە 29-ئايەت). "ئاللا تەقۋادارلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىدىن قورققان، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، خىيانەت قىلمىغانلارنى) دوست تۇتىدۇ" (9-سۈرە، 7-ئايەت) دېگەن ئايەتلەر ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا نۇرغۇنلىغان ئاكتىپ رولى بار. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى فۇنكسىيەسىنى توغرا تونۇشىمىز، ئۇنىڭ ئاكتىپ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

(1) ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تۈپ مەقسىتى. ئىسلام دىنىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش، هالال ئەمگەككە تايىنىپ ياشاش ۋە بېيىشتەك قىممەت قارىشى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى، ئەمگەك قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا پايدىلىق.

(2) ئىسلام دىنىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىككە تەڭ ئېتىبار بېرىش قارىشى كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە پايدىلىق.

(3) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىسلاھاتنىڭ ئاساسلىق نىشانى قىلىنغان بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلام دىنىنىڭ سودا-ئىقتىساد قارىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋار ئېڭى، بازار ئېڭى، رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىشكە، شىنجاڭنىڭ بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

(4) ئىسلام دىنىنىڭ سودىدا ئادىل، سەمىمىي بولۇش، باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىگە دەخلى-تەرۇز قىلماسلىقتەك قىممەت قارىشى بازار تەرتىپىنى قوغداش، ئىستېمالچىلارنىڭ نورمال هوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداشقا پايدىلىق.

(5) ئىسلام دىنىنىڭ ئىستېمال قارىشى دۆلىتىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق بولۇپ، چەكلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

(6) ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، نامرات، يېتىم-يېسىرلارنى يۆلەشتەك ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى، مۇۋاپىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىنى شەكىللەندۈرۈشكە، ئىجتىمائىي پەرق ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ (كىچىكلىتىپ) جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، كىشىلەرنىڭ ئورتاق بېيىشىغا پايدىلىق.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسىنى توغرا تونۇش، ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ئىسلام دىنى بىلەن مىللىي ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى زۆرۈر يولدۇر.

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىدىن)

# ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلاردىكى يېمەك-ئىچمەك تەقىبلىرى

نۇرمۇھەممەد توختى

ئىسلام دىنى دىن، ئىجتىمائىي ئىسلاھات، ئەخلاق ۋە ھەرىكەت مىقياسىدىكى ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان ناچار ئادەتلەرگە نىسبەتەن بىر قاتار ئىسلاھات تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يېمەك-ئىچمەك تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى ھەم ھاياتلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئىسلام دىنى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ جەھەتتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي پرىنسىپلارنى بەلگىلەپ چىققان. يېمەك-ئىچمەكتىكى بۇ بىر قاتار ئەمرىمەرۇپلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەبلەردە ئەزەلدىن بار ئۆرپ-ئادەتلەر، بەزىلىرى بولسا «تەۋرات»تىكى ئەمرىمەرۇپلارغىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇنداق بولۇشى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە "تەۋراتنى مۇساغا نازىل قىلدىم" (4-سۈرە 155-ئايەت ۋە 5-سۈرە 44-ئايەتلەر) دېگەنىدى. بەزىلىرى ئاللانىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. يەنە بەزىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، دىنىي قائىدىلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىشى ھەمدە ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى قوغدىشىنى مەقسەت قىلغان. كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ھەرقايسى ئېقىم فەقىھلىرى① ھەرقايسى جاينىڭ ئوخشىمايدىغان ئەھۋاللىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى بىرلەشتۈرۈپ «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىستىكى يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى پرىنسىپ-بەلگىلىمىلەرگە نىسبەتەن ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چۈشەنچە بەرگەن ھەم «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىستىكى پرىنسىپلار روھىغا ئاساسەن بەزى تولۇقلىما مىزانلارنى تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلام دىنىنىڭ بىرقەدەر سىستېمىلاشقان يېمەك-ئىچمەك تۈزۈملىرى بارلىققا كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ يېمەك-ئىچمەك تەقىبلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: كىشىلەر ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىنئام قىلغان بارلىق يېمەكلىكلەرنى يېسىمۇ، لېكىن خالىغانچە يەۋەرمەسلىكى كېرەك، بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە: "ئى ئىنسانلار، يەر يۈزىدىكى ھالال-پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار..." (2-سۈرە، 168-ئايەت)، "كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر" (5-سۈرە، 5-ئايەت). «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇسۇلمانلارغا: "ئى مۆمىنلەر! ئاللا سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركىدۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا) ھارام قىلماڭلار، (ئاللا بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللا چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ" (5-سۈرە، 87-ئايەت) دەپ كۆرسەتكەن. «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇسۇلمانلارغا "ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) 'بۇ ھالال، بۇ ھارام' دېمەڭلار" (16-سۈرە، 116-ئايەت) دەيدۇ. "... ئاللا رىزق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار

ھەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى، ھىدايەت
تاپمىدى“ (6-سۈرە، 140-ئايەت) دەپ، ئۇلارنى
توغرا يولدىن ئاداشقانلار دەپ ئەيىبلەيدۇ. يەنە
ئاچلىقتىن ئامالسىز قالغاندا، يېيىش مەنئى قىلىنغان
نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن مۇنداق
كەڭچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىلگەن: ”... كىمكى ئاچ-
لىقتا ئىلاجىسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماس-
تىن، (ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېسە گۇناھ
بولمايدۇ)، ئاللا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرى-
گە ناھايىتى مېھرىباندۇر“ (5-سۈرە، 3-ئايەت).
”... كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىز-
لىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن)
ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ
گۇناھ بولمايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللا ناھايىتى مەغپى-
رەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر“ (2-
سۈرە، 173-ئايەت)

ئىسلام دىنىنىڭ يېمەك-ئىچمەكتىكى ئەمر-
مەرۇپى يۇقىرىدا يېيىشكە بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن
نەرسىلەردىن باشقا، بىرمۇنچە نەرسىلەرنى مەنئى
قىلغان، بۇلار يېيىش مەنئى قىلىنغان ۋە ئىچىش
مەنئى قىلىنغاندىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
«قۇرئان كەرىم»دە مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاپ
كېتىدىغان ئايەتلەر (2-سۈرە، 173-، ۋە 219-
ئايەت؛ 5-سۈرە، 3-ئايەت؛ 6-سۈرە، 145-،
148-ئايەت؛ 16-سۈرە، 115-، 116-ئايەتلەر)
دە يەپ-ئىچىش مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر ئاسا-
سەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. يېيىش ئەسلىدە ھالال بولغان جانىۋارلار-
دىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان (جۇملىدىن كېسەل بو-
لۇپ ئۆلگەن)، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇرۇپ ئۆل-
تۈرۈلگەن، ئېگىزدىن غۇلاپ ئۆلگەن، (يىرتقۇچ
ھايۋانلار تەرىپىدىن) زەخىملىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلە-
رىنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام (لېكىن ئۇلار جېنى
چىقمىغان چاغدا بوغۇزلانسا ھالال بولىدۇ).

2. قان ئىچىش تەقىب قىلىنىدۇ. ئىسلام
شەرىئىتىدە يېيىشكە رۇخسەت قىلىنغان ھايۋانات،
قۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جانىۋارلارنىڭ
قېنىنى ئىچىش مەنئى قىلىنىدۇ.

3. چوشقا گۆشىنى يېيىش قاتتىق تەقىبلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ خىل نەرسىنى
يەپ-ئىچىشنى مەنئى قىلىشتىكى سەۋەب شۇكى،
«قۇرئان كەرىم»دە ئۇلار ھارام (6-سۈرە،
145-ئايەت) دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ھەرقايسى
مەزھەپ فەقىھلىرىنىڭ ۋە ئىسلام دىنى مۇتەخەس-
سىسلىرىنىڭ بۇ ھەقتە كۆپلىگەن شەرھلىرى بار.
ئومۇمىيلاشقان قاراشتا يۇقىرىقى ئۈچ خىل نەرسە
”ھارام“ نەرسىلەر، ئۇلار كىشىلەرنىڭ سالامەتلى-
كىگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان
سالىدۇ. ئۆزى ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ قېنى تېنىدىن
ئېقىپ چىقمايدۇ. ئۇيۇپ قالغان نىجىس قان بار
گۆشنى يېيىشكە بولمايدۇ. ھايۋاناتلارنىڭ بەدىنىدە
ئېقىپ تۇرىدىغان قان كېسەللىك باكتېرىيىلىرىنى
بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ، شۇڭا سويۇپ قېنىنى ئاققۇزۇ-
ۋېتىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن يېگىلى
بولىدۇ. چوشقا بولسا ئەسلى تەبىئىتىدىن ئىپلاس
نەرسىلەرگە ئامراق، نىجىس نەرسىلەرنى ياخشى
كۆرىدۇ، خۇسۇسىيىتى ئېرىنچەك، ئاچكۆز، شۇڭا
ئۇنى يېيىشكە بولمايدۇ. ھازىرقى زامان مېدىتسىنا
ئىلمىمۇ چوشقا گۆشىنىڭ تەركىبىدە نۇرغۇنلىغان
قۇرتلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئۇنى يېگەن ئادەم-
نىڭ ئاسانلا جىگەر قۇرتى كېسىلىگە گىرىپتار
بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

4. ”ئاللاتائالا“دىن غەيرىينىڭ نامى تىلغا
ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېيىش مەنئى
قىلىنىدۇ. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بۇتپەرەس ئەرەب-
لەر مال سويماقچى بولسا ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدى-
غان بۇتلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بوغۇزلايتتى. ئە-
رەبلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن بۇنى بىر-

دىنىبىر ھەممىگە قادىر "ئاللا" نامىغا ئۆزگەرتتى. مال سويغاندا ئاللادىن غەيرىينىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بوغۇزلىسا ئاللانىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئەقىدىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ، ئاللاغا "شېرىك" كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق مال سويۇش گۇناھ بولۇپ ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام بولىدۇ" (6-سۈرە، 146-ئايەت)، شەرىئەتتە يېيىشكە بولىدۇ دېيىلگەن ھايۋانات ۋە قۇشلارنى سويغاندا چوقۇم "ئاللاھۇئەكبەر" دەپ بوغۇزلىسا ئاندىن يېگىلى بولىدۇ. كېيىنكى شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىدە مىجەزى مۇلايىم، كۆشەيدىغان ھايۋانلارنىڭ مەسىلەن، قوي، ئۆچكە، تۆگە، كالا قاتارلىقلار، قۇشلاردىن توخۇ، ئۆردەك، غاز، كەپتەر، ك . قىرغاۋۇل قاتارلىقلارنىڭ، قاناتلىق، قاسراقلىق بېلىقلارنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ، لېكىن ياۋۇز قۇشلار بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ، گۆشخور ھەم بىر قىسىم تۇرقى غەلىتە، يىرگىنىشلىك ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ جايلىشىش ئورنى بىلەن مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن بۇ جەھەتتە ھەرقايسى مەزھەپ فەقىھلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق بەلگىلەنگەن يېمەك-ئىچمەك تەقىبلىرىدىن سىرت كۆپلىگەن پەرقلەرمۇ بار، مەسىلەن، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇسۇلمانلار ئات گۆشىنى يەۋېرىدۇ، دېڭىز ياقىسىدىكى مۇسۇلمانلار سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېيىشكە بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ھەرقايسى مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم نەرسىنى يېيىشكە بولىدۇ-بولمايدۇ دېگەن مەسىلىدە تالاش-تارتىش بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سۇ مەھسۇلاتلىرى توغرىسىدا ھەنەفىي مەزھىپى "بېلىقنىلا يېيىشكە بولىدۇ، باشقىلىرىنى يېيىشكە بولمايدۇ" دەپ قارايدۇ، شافىئىي مەزھىپى بولسا "سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېيىشكە بولىدۇ" دەپ قارايدۇ②.

ئىسلام دىنى يېمەك-ئىچمەك تەقىبلىرى دائىرىسى ئىچىدە ئىسراپچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ، بۇ جەھەتتە «قۇرئان كەرىم»دە: "ئى ئادەم بالىلىرى...! يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ" (7-سۈرە، 31-ئايەت) دېيىلگەن.

5. ئىسلام دىنى ھاراق قاتارلىق بىر قىسىم مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى قاتتىق تەقىبلەيدۇ. قەدىمكى ئەرەبلەردە ھاراقنى زىيادە كۆپ ئىچىدىغان ناچار ئادەتلەر بولغان. ئىسلام دىنى مەككىدىكى دەسلەپكى مەزگىلدە نۇقتىلىق ھالدا خۇدانىڭ بىرلىكىنى تونۇپ بۇتقا چوقۇنماسلىقتىن ئىبارەت ئاساسىي ئەقىدىنى تەرغىپ قىلغانلىقتىن، ھاراقنى چەكلەشتەك بەزى مەسىلىلەردە سىستېمىلىق بەلگىلىمە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىملىككە بېرىلىشتەك ناچار ئادەتنى يوقىتىۋېتىلىشى دىنىي مەجبۇرىيەتنىڭ نورمال ئادا قىلىنىشىغا دەخلى قىلغان، ھەتتا ئىبادەت ۋاقتىدا دائىم دېگۈدەك خاتالىق كۆرۈلۈپ تۇرغان. مۇشۇ ۋاقىتتا «قۇرئان كەرىم»دە: "ھاراق ئىچىش ئەڭ چوڭ گۇناھ" دەپ كۆرسىتىلگەن (2-سۈرە، 219-ئايەت). "ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللانى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟" (5-سۈرە، 90—91-

ئايەتلەر) . ھەدىستىمۇ ھاراق ئىچىش قەتئىي تەقىبلەنگەن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام "دۇنيادا ھاراق ئىچىپ ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلمىغان ئادەم ئاخىرەتتىنىڭ شارابلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ"، "مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھاراق ھېسابلىنىدۇ، مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر" دېگەن ھەم ھاراق ئىشلەشنى، ئېلىپ-سېتىشنى مەنئى قىلغان.

ھاراق ھەقىقەتەن زىيانلىق، ئۇ ئېغىزغا كىرگەندىن كېيىن ئېغىز بوشلۇقىدا دەرھال كۆيگەندەك سېزىم پەيدا قىلىدۇ، ئاۋاز پەردىسىنى بۇزۇپ، كېكىرتەك (بوغۇز) ياللۇغىنى قوزغايدۇ، ئاشقازان شىللىق پەردىسىنى غىدىقلاپ ياللۇغ ياكى يارا پەيدا قىلىدۇ، ئۈچەيگە كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلىكتە قان تومۇرلار ۋە ئورگانىزمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا سىڭىپ كىرىدۇ-دە، جىگەرنىڭ زەھەر قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىدۇ ۋە جىگەر قېتىشىشنى پەيدا قىلىدۇ. قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ يۈرەكنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، يۈرەك كېسىلى پەيدا بولۇشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ھاراق ئۇرۇق (ئىسپېرما) نىڭ تولۇق يېتىلمەسلىكى ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نەتىجىدە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىدۇ. ھاراق يەنە ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىقنى پەيدا قىلىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنى ئىلمى بۇ نۇقتىنى بۇرۇن بىلىپ يەتكەن. ئىسلام دىنى ھاراقنى چەكلەشتىن سىرت يەنە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، تاماكا چېكىشكە قارشى تۇرىدۇ.

ئىسلام دىنى يەنە رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن. بۇ ئايدا كۈندۈزى تاماق يېيىش تەقىپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەھمىيەتى ھەققىدە مۇھەممەد خۇزەرى: "ئىنسانىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئىنسان ئۆز نەپسىنىلا ئويلايدۇ، شەخسىي مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدۇ، ئاجىز-مىسكىنلەرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن كارى بولمايدۇ. ئىنسان روزا ئارقىلىق ئاچلىقنىڭ ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ، كۆڭلى يۇمشايدۇ، ئەخلاقى تۈزىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاجىز بىچارىلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇلارغا سەدىقە-ئېھسان قىلىدىغان بولىدۇ⑤".

ئىسلام دىنى ئىلاھشۇناسى ئەلجىسرىنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا روزا تۇتۇشتىكى مەقسەت ئىككى خىل: بىرى خۇدانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش، شەخسىي ھەۋەسنى چەكلەش، ئەقلىنى ئىشلىتىپ ھەۋەسنى كونترول قىلىپ، ئۇنىڭ ئەقلىگە قوماندانلىق قىلىشىغا ھەم ئۇنىڭ قانۇنىغا خىلاپ ئىش قىلىپ قويۇشىغا يول قويماسلىق، ئىككىنچى ئاچلىق ۋە جاپا-مۇشەققەت ئارقىلىق ئاچ قالغان ۋاقىتتىكى بىچارە ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدىغان ھەم بۇنداق ھالەتكە ھېسداشلىق قىلالايدىغان، شۇ ئاساستا مەرتلىك بىلەن خەير-ساخاۋەت قىلىپ، زاكات ئايرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بولۇش⑥.

ئۇيغۇرلارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ يېمەك-ئىچمەكتىكى تەقىبلىرىگە رىئايە قىلىدۇ.

**ئىزاھلار:**

① فىقھ—شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈزۈپ چىققۇچى ئالىم.

② «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1995-يىل 5-ئاي نەشرى، 42-بەت.

③ «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1981-يىل 10-ئاي نەشرى، 267-بەت.

④ «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1993-يىل 12-ئاي نەشرى، 217-بەت.

⑤ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983-يىل 1-ئاي نەشرى، 158-بەت.

⑥ «دىنشۇناسلىق ئاساسلىرى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1990-يىل 10-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 184-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن)

# ئۇيغۇرلاردىكى توي ئىسراپچىلىقى توغرىسىدا

مەمتىمىن ئابلىھېكىم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ھازىر مىللىتىمىزدىكى خېلى كۆپ كىشىلەردە توي ئىسراپچىلىقى ناھايىتى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. جەمئىيىتىمىزدىكى ھەر تۈرلۈك ناچار ئادەتلەرنى تۈزىتىش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق بۇرچى، ئەما بەزى قېرىنداشلىرىمىز بۇ بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى لايىقىدا ئادا قىلالمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئىسلام ئەقىدىلىرىگىمۇ، مىللىي ئەنئەنىمىزگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يامان ئادەتلەرنى جۈملىدىن توي ئىسراپچىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ خىلمۇخىل يېڭى مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. بولۇپمۇ توي ئىسراپچىلىقى مەسىلىسى ھازىر خېلى كۆپ ساندىكى نامراتلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرىمۇ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. توي- تۆكۈنلەردىكى ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلارغا پايدىلىق تەشەببۇسلىرىغا ۋە پاك، گۈزەل ئەخلاقىغا زىت يامان قىلمىش بولۇپ، ئۇنى تىرىشىپ تۈگەتمىگەندە، بىر يۈكسەك ئەقىدىگە ئىگە مىليونلىغان خەلقىمىزنىڭ ئارزۇلۇق پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختلىك تۇرمۇشىغا، ئىقتىسادچىل ياشاش ئېڭىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا بىر قىسىم نادان، پۇلپەرەس، ئابرويپەرەس نائەھلىلەرنىڭ يامان تەسىرىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. توي ھەقىقەتەن ئىنسان ھاياتىدىكى چوڭ ئىش، ئۇ قىز-يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە باشقا ئەل-جامائەتنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان، تەسىر كۈچى ھەممىگە چېتىلىدىغان چوڭ پائالىيەت. لېكىن بۇ پائالىيەتنى بەك چوڭ بىلىپ كېتىپ، ئۇنى پۇل-مال ئۇندۇرۇشنىڭ، ئەمەل تۇتۇشنىڭ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ ۋە باشقا بارلىق غەيرىي، يامان مەقسەتلەرگە يېتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغاندا، توي بىر كۈنلەردە چوقۇم ماتەمگە ئايلىنىشى، بۇنىڭدىن تېرىلغان ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ئۇرۇقلىرى تۈگىمەس غوۋغا ۋە باشقا ئاپەت ئۇندۇرمىلىرىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئۆزىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى بۇ دۇنيالىق مەئىشەتكە بەخشەندە قىلىۋەتمەيلى، ھەممىمىزنىڭ ئېڭىدا ئىسلامنىڭ مۇبارەك نۇرى جۇلالىنىپ تۇرسۇن. تۆۋەندە مەن توي ئىسراپچىلىقىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان يامان ئاقىۋىتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

توي ئىسراپچىلىقى ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن ئىش. ئاللا تائالا «قۇرئان كەرىم»دە "... يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. ئاللا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ" (7-سۈرە، 31-ئايەت) دېگەن. ئىسراپچىلىق ئەنە شۇنداق ئۇسال قىلمىش بولۇپ، ئىسراپخورلار ئاللانىڭ ئەمرىگە ۋە خاھىشىغا بويسۇنمىغان ھېسابلىنىپ، ئاقىۋەتتە ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

توي ئىسراپچىلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-

نىڭ سۈننىتىگە خىلاپ ئىش بولۇپ، ئۆمەر رەزى-
يەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قىزلىرىنىڭ توي-
لۇقىنى 480 تەڭگىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەنلىكى بايان
قىلىنغان. ئۇنى ھازىرقى پۇلغا سۇندۇرغاندا 2800
يۈەندىن 3500 يۈەنگىچە بولىدۇ. بۇنىڭدىن مە-
لۇمكى، تويلۇقنى ئېغىر قىلىش پەيغەمبەر ئەلەي-
ھىسسالام ئەيىبلىگەن يامان د ں، بۇنداق قىلىش
ھەم ئىسلام پرىنسىپلىرىدىن چەتنىگەنلىك.

توي ئىسراپچىلىقى، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى-
نىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان ئۆمەر رەزىيەللا-
ھۇ ئەنھۇنىڭ "سىلەر ئاياللارنىڭ تويلۇقىنى ئاشۇ-
رۇۋەتمەڭلار" دېگەن سۆزىگىمۇ خىلاپ بولۇپ، ئۇ
سۆزنى ئىلىك ئالمىغانلار جىمى مۇسۇلمان ئەھلى-
نىڭ ئىرادىسىگە قارشى قوپقان ھېسابلىنىدۇ ۋە
تېگىشلىك ھۆرمەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

توي ئىسراپچىلىقى يەنە ئىسلام دىنىنىڭ را-
ۋاجلىنىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان
ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشىغا پىسەنت قىلمىغانلىق،
ياخشى تەشەببۇسلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىك، ئۇ-
لارنىڭ ئاقىل پىكرىگە ھۆرمەت قىلمىغانلىق، شۇن-
داقلا ئۇلارنى كەمسىتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ، ئۇ پە-
قەت نادانلىق ۋە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى.
مال-دۇنياغا ھەددىدىن ئارتۇق ھېرىس بولماسلىق
ۋە ئىقتىسادچىل ياشاش ئىسلام دىنىنىڭ بۈيۈك
ھېكمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئالىم-ئۆلىمالارمۇ تويلۇق-
نىڭ مىقدارى 480 تەڭگە(2800—3500يۈەن)
دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا
قويغان.

توي ئىسراپچىلىقىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى
يامان ئاقىۋەتلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، قىز
تەرەپ يىگىت تەرەپكە بىرمۇنچە توي سېلىقى سالى-
دۇ، قىز-يىگىت بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشسىمۇ
مۇشۇ بىر توسالغۇ تۈپەيلىدىن بىرمۇنچە رەنج-مۇ-
شەققەت چېكىدۇ، توي قىلالىغان تەقدىردىمۇ تۇر-
مۇشى ئېغىر بېسىمغا ئۇچرايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ
ئىشلار قىز-يىگىتتىن كۆرە ئاتا-ئانىلارغا بەكرەك
چېتىلىپ، قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەتكە سوغۇقچىلىق
چۈشىدۇ ھەم باش ئاغرىقى كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئىقتىسادىي مەسىلە مۇقەررەر ھالدا ھۆكۈم-
ران ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئەر-خوتۇن ۋە ئىككى تەرەپ-
نىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىنسانىي مې-
ھىر-مۇھەببەت كېمىيىدۇ، تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقى
تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى پۇل ئۈستىگە
قۇرۇلغان مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

تويلۇق ئېغىر بولغانلىقتىن نۇرغۇنلىغان
قىز-يىگىتلەر توي قىلالماي، مەقسىتىگە يېتەلمەي
روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ، شۇنىڭغا ئەگە-
شىپ بىرمۇنچە ئىجتىمائىي كېسەللىك پەيدا بولى-
دۇ، يەنە بەزىلىرى ھەتتا ئۆز نومۇسىنى ساتىدى-
غان، باشقا تۈرلۈك قەبىھ ئىشلار بىلەن شۇغۇل-
لىنىدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

ھەشەمەتلىك توي ئاياغلىشىپ، ئەر-ئاياللىق
تۇرمۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئەر ھەر قېتىم توي
چىقىمىنى ئويلىغاندا، ھال كۈنى ئەسلىدە ناچار
بولغانلىرى قولدىن كەتكەن بىساتى ۋە باشقا يەر-
دىن ئالغان قەرزلىرىنى ئويلىغاندا، بېشىنى تاغدەك
غەم باسىدۇ، ئايالىغا ئورۇنسىز ئاچچىقلىنىدۇ، بەزى-
لىرى دەردىنى ھاراقتىن ئېلىپ، ئۆيىگە كېلىپ
ئايالىنى خورلايدۇ. بۇنىڭغا يەنە ئاتا-ئانىلار ئارىلى-
شىدۇ، ئۇرۇش-جېدەل ۋە ئارازلىق تېخىمۇ كۆپە-
يىدۇ. ئاقىۋەتتە بىر بولسا، بۇ يېڭى ئائىلىنىڭ
ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، بىر بولسا، بۇ ئائىلە ئۇزاققى-
چە ئۆزىنى ئوڭشىيالمايدۇ. بۇنداق مىساللار ناھا-
يىتى كۆپ.

خۇشاللىنارلىقى شۇكى، ھازىر جەمئىيىتىمىز-
دە توي ئىسراپچىلىقىغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك بىر

(داۋامى 53-بەتتە)

# ئىسلام دىنىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلەيلى

تۇرسۇنمۇھەممەد شەۋكەت

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان مىسلى كۆرۈلمىگەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە بىر يۈرۈش مائارىپ سىستېمىسى شەكىللىنىپ، مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى بىلىم ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. لېكىن ئېيتىش كېرەككى، گەرچە ھۆكۈمىتىمىز دۆلەت مالىيىسىدىكى قىيىنچىلىققا قارىماي مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى يىلدىن-يىلغا كۆپەيتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئاساسى ئاجىز، قەرزى جىق، خېلى كۆپ يېزىلار نامراتلىقتىن تېخى قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەچكە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچراۋاتىدۇ. قارايدىغان بولساق، سىنىپى يېتىشمەيدىغان، خەتەرلىك ئۆيلىرى كۆپ، تەجرىبە ۋە تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى كەمچىل مەكتەپلەر ئاز ئەمەس.

مائارىپ ئىشلىرى يالغۇز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭلا ئىشى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ئىشى. مۇسۇلمانلارغا ئايدىڭكى، ئىلىم ئىزدەش بۈيۈك پەرز. ئىلىم-پەن بىلەن گۈللىنىش ئىنتايىن شەرەپلىك ئۇلۇغ ئىش. «قۇرئان كەرىم»دە ئىلىم سۆزى 721 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. ھەدىس شەرىپتىمۇ ئىلىمنىڭ خاسىيىتى كۆپ تەرىپلىنىدۇ ھەم مۇسۇلمانلارغا ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىش كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز كېرەككى، بىلىمگە، مائارىپقا ئەھمىيەت بەرگەن مىللەت ئۆزىنى راۋاجلاندۇرالايدۇ، زاماننىڭ كەينىدە قالمايدۇ. شۇڭا ئادەم تەربىيىلەش ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش تولىمۇ زۆرۈر ۋە كاتتا بىر ئىشتۇر. ھەربىر مۇسۇلمان بۇ ئىشقا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراش كېرەك.

ھازىر شىنجاڭدا قولى قىسقا دېھقانلارمۇ مائارىپقا ھەر يىللىق دارامىتىدىن ياردەم بەرمەكتە، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى، ھۈنەرۋەنلەرمۇ مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەرمەكتە. ئالدىن بېيىغان ھەمدە بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى، ئىزباسار پەرزەنتلەرنىڭ كەلگۈسى بەختىنى ھەممىدىن بەك ئويلاپ يەتكەن ساخاۋەتچى كىشىلىرىمىز ۋە مۇھاجىرلىرىمىز كەينى-كەيىندىن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. مەسىلەن، ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىشقا مەبلەغ چىقارغان خوتەنلىك كارخانىچى كېرەم ئىمىن، كورلىدىكى راخمان قارىي، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، يەككە تىجارەتچى كېرىم ھاجى، 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن بىلەن ئىلى دىيارىدا شىنجاڭدىن تۇنجى بولۇپ 11 يىللىق تۈزۈمدىكى يېتىملار مەكتىپى (نۇرتاي ھاجى ئىسـ

كەندەر يېتىملار مەكتىپى) سالغان نۇرتاي ھاجى، 4 مىليون يۈەن بىلەن ئاقسۇ شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپنى سالغان ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىر ئابدۇراھمان ھاجى، ئىمىن ھاجى (ئۇلار ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇرۇشلۇق) قاتارلىق كىشىلەر بېيىغاندا پەرزەنت تەربىيىلەش، ئۆز مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ، ساۋابلىق ئىشنى ئۇنتۇماي، شەخسىي مەنپەئەتىدىن كېچىپ، مائارىپقا مەبلەغ سالدى، ئەۋلادلارغا ھەققەتەن چوڭ بەخت ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىشنىڭ جەمئىيەتتە قوزغىغان ياخشى تەسىرىمۇ ناھايىتى زور بولدى.

لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ بەزى مۇسۇلمانلىرىمىز ئىلىم-ھېكمەتنىڭ ۋە بىلىم ئىگەللەشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتمەيۋاتىدۇ، ئۆزى نادان بولغانىنىڭ ئۈستىگە بالىسىنىمۇ بىلىمسىز، بەختسىز قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، ھال-ئوقىتى ياخشىلىرى ئۆز جاپىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بەلەن ھېسابلاشماي، تاپقان پۇلنى قارىغۇلارچە، ھاماقەتلەرچە، جاھىللارچە بۇزۇپ چېچىۋاتىدۇ، ياكى بولمىسا ئارتۇق پۇلنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشتىن قېچىپ، بارغانچە خەسىس ۋە ئاچكۆز بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئى مۇسۇلمانلار، پاك ئەقىل ۋە ھالال ئەمگەك بىلەن تاپقان مال-دۇنيايىمىزنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلەيلى، ئەۋلادىمىزنىڭ قارا قورساق بەندە بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىلىم-ھېكمەتكە دالالەت قىلايلى ھەم مائارىپقىمۇ ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلەيلى.

(ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتىن)

---

(بېشى 11-بەتتە) (بەندىلىرىگە بولغان پەزلى-مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر" (7-سۈرە، 26-ئايەت). بۇ ئايەتتە ئەۋرەتنى يېپىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىدىن باشقا، يەنە كىيىم-كېچەكنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئالاھىدە زىننەت ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار ئاللاتائالانىڭ ھۆكمى بويىچە ئىش قىلىمىز دېيدىكەنمىز ئاۋۋال ناھايىتى پاكىز، رەتلىك، لايىقىدا كىيىنىشىمىز كېرەك. ھالبۇكى، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر (كۆپرەكى ئاياللار) غەرب ئەللىرىنىڭ ئەركىن كىيىنىش خاھىشى بويىچە شەكلەن زامانىۋىلىكنى قوغلىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادىتىمىزگە، بولۇپمۇ ئىسلام ئەخلاقىمىزغا يات بىر ھالەتتە كىيىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى كىيىنىش ئادەتلىرى بۈگۈنكى كۈندە تامامەن تاشلىنىپ كەتتىمۇ؟ ئۇنىڭ قىلچە ئىلمىيلىكى، جىزبىدارلىقى ھەم بۇندىن كېيىنكى ھاياتىي كۈچى قالمىدىمۇ؟ ھازىر بۇ مەسىلە ھەربىر ئۇيغۇر مۇسۇلماننىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم بىر ئەدەب-ئەخلاق مەسىلىسى بولۇپ قالدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەدەب-ئەخلاق ئادەمنىڭ بۈيۈك زىننىتى. ئەخلاقلىق كىشىدىن ھەممە ئادەم سۆيۈنىدۇ، ئەخلاقسىزلاردىن ھەممە ئادەم يىرگىنىدۇ. ئەدەب-ئەخلاق ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ نەرسە بولغاچقا، رەسۇلۇللا ئەدەب-ئەخلاقلىق ئادەملەرگە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: "گۈزەل ئەدەب-ئەخلاققا ئىگە مۆمىن كىشىدە كېچىدە تۇرۇپ روزا تۇتقۇچىنىڭ دەرىجىسى بولىدۇ". بۇ ھەدىستىن بىز ئەخلاقلىق كىشىنىڭ دەرىجىسىنىڭ نەقەدەر يۇقسەك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. شۇنداق ئىكەن، ئەدەب-ئەخلاقتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ پەزىلەتنى بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى)

# مىسىردىكى ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەر*

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى

مەن دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئىجازى-
تى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشى بىلەن، 1996-
يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن باشلاپ، مىسىر ئە-
رەب جۇمھۇرىيىتى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېدا-
گوگىكا ئىنستىتۇتى بىلەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى-
نىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئىلىم
تەھسىل قىلىشقا مۇشەررەپ بولدۇم. مۇشۇ جەريان-
دا، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر بۆلەك
ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراتتىم. ئۇلار بىلەن
تونۇشتۇم، مۇڭداشتىم. ئۇلار يالغۇز ئىسلام دىنى
بىلىملىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە تارىخ، قانۇن،
پەلسەپە، ئەدەبىيات قاتارلىق پەنلەرنىمۇ ئۆگىنىدى-
كەن. بىرىنچى قاراشتىلا، ئادەمگە ئۇلارنىڭ روھى
كۆتۈرەڭگۈ، كۈندىلىك تۇرمۇشى رىتىملىق ئەمما
خېلىلا جىددىي كۆرۈنىدۇ. قويۇق ئارىلىشىشتىن
ئالغان بىۋاستە تەسىراتلىرىم بىلەن، ئۇلار ھەققىدە
باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىم ئارقىلىق ھاسىل قىلغان
ۋاستىلىك تەسىراتلىرىم ياخشى تىلەكلىك خاتىرەم
بەتلىرىدە ئەھمىيەتلىك قۇرلارنى ھاسىل قىلدى.
بۈگۈن شۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مۆمىن قېرىنداشلى-
رىمىنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنغۇم كەلدى.

## ياخشى نىيەتلىك

يېتىرقاشلار تۈگەپ، تونۇشۇش قاتلىمى
چوڭقۇرلاشقانسېرى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئو-
قۇۋاتقان بۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەن ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇچراتقان يەرلىك تالىپلار-
دىن، ئالدى بىلەن، دۇنيا قاراش جەھەتتىكى ئىس-
بەتەن ئىلمىيلىكى ۋە جانلىقلىقى، شۇنداقلا ئۆگە-
نىش مەقسىتى جەھەتتىكى دۇرۇس ئارمان ۋە توغرا
نىيەتلىكى بىلەن روشەن ھالدا پەرقلىنىدىغانلىقىنى
چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇلار ئىسلام دىنى بىلىمل-
رىنى ئۆگىنىشنى نوقۇل ھالدا، ئاخىرەت ئۈچۈنلا
دەپ قارىمايدىكەن، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئاكتىپ
بىلىم جەۋھەرلىرى ئارقىلىق، رېئال تۇرمۇش، ئەمە-
لىي ھايات مەيدانىدا، مۆمىنلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى
ھالاۋەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىمۇ
ئالاھىدە مۇھىم ۋە ئاساسلىق ئىش دەپ بىلىدىكەن.
كىم بىلەن پاراڭلاشماڭ، ئۇنىڭ ھەر كەلىمە، ھەر
سۆزىدىن تەپچىپ تۇرغان ۋەتەنگە بولغان سېغى-
نىش ئوتىدىن ۋۇجۇدىڭىز ئىللىپ كېتىدۇ: "مەن
مىسىرغا كەلمەستىن بۇرۇن ۋەتىنىمنىڭ ئۇنچىۋالا
سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتمەپتىكەن-
مەن"، "مەن بۇ يەردە ئوقۇش جەريانىدا، زىيا-
رەت-ئېكسكۇرسىيىلەرگە كۆپ داخىل بولدۇم.
شۇنداق چاغلاردا، بىزنىڭ يۇرت، بىزنىڭ مەھەللى-
گە ئوخشايدىغان يەر ئۇچراپ قالسىدى دەپ ئىز-
دەپ كېتىمەن، بىراق، زادىلا ئۇچرىتالمىدىم"،
"بىز گەرچە مەشھۇر نىل دەرياسىنىڭ ساھىلىدا
تۇرساقمۇ، ۋەتىنىمىزدىكى تارىم دەرياسى،
يەكەن دەرياسى، قىزىل دەرياسى ۋە ئىلى دەريا-
سى ۋادىلىرى كۆز ئالدىمىزدىن زادىلا نېرى

* ئەزھەرى: ئەزھەردە ئوقۇغانلار.

كەتمەيدۇ.» ... مەيلى كىمدىن سورىماڭ، گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا: «مەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ بېرىپ، ۋەتىنىمنىڭ زامانىۋىلىشىش، تەرەققىيات قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشسام، دەپ ئارزۇ قىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سۇنىڭ مەنبەسى، دەرەخنىڭ يىلتىزى بولىدۇ. مەن شۇنى چۈشەندىمكى، ئۇلارنىڭ مۇنداق ياخشى ئارزۇ، توغرا نىيەتلىك بولۇشىنى ئاشۇ سۈپەت ۋە تەرىپتە تەڭدىشى يوق ئانا ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى يېتىلدۈرگەنلىكىدە شەك يوق. ئۇيغۇردا: «ياخشى نىيەت — يېرىم دۇنيا» دەيدىغان ئۇدۇم ئاتا سۆزى بار. ئىنساندا، ياخشى نىيەت، مەھكەم ئەقىدە ۋە سەممىي ئىخلاس بولسىلا، ئۇ چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. مەن چىن دىلىم بىلەن بۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەزھەرىيلىرىنىڭ ئىقبالى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن!

## ئىنتىزامچانلىق

ئانا يۇرتتىن شۇنچە يىراقتا، ئۇرۇق-تۇغقانسىز، قوۋم-قېرىنداشسىز ياشاۋاتقان بۇ باللارنىڭ رەتتىكى تۇرمۇشى ۋەتەندىكى ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، شۇنداقلا ۋەتەنداشلار ئەڭ قىزىقىدىغان بىر مەسىلە.

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى (ئاساسەن يېڭىدىن كەلگەنلەر) تۆتتىن-بەشتىن بولۇشۇپ، مەكتەپ ئەتراپىدىكى شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرىدىكەن. يەنە بىر قىسمى بولسا (يۇقىرى يىللىق سىنىپلاردا ئوقۇيدىغانلار) ئەزھەر رايونىنىڭ يېنىدىكى «بۇئۇس» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ياتاق قورۇسىدا تۇرىدىكەن.

بۇئۇس — مىسىرنىڭ سابىق رەئىسى مەرھۇم جەمال ئابدۇنناسىر زامانىسىدە (1956-يىل) بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ چاغدا بۇ يەردە، مىسىرنىڭ بىر ئالاھىدە قوشۇنى تۇراتتىكەن. كېيىن، ناسىر رەئىس بۇ قورۇنى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق قورۇسى قىلىشقا بېرىۋەتكەنىكەن. بۇئۇستا جەمئىي 32 بىنا بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭدا 86 ئىسلام دۆلىتى ۋە رايونىدىن كەلگەن 4000دىن ئارتۇق ئوغۇل ئوقۇغۇچى يېتىپ قوپىدىكەن. بۇ يەردە، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا، پوچتىخانا، ئاشخانا، مۇنچا، رېمونتخانا، كىيىم-كېچەك يۇيۇش ۋە دەزماللاش ئورنى قاتارلىقلاردىن باشقا، ھۆسن خەت يېزىشنى ئۆگىنىش ئۆيى، ماشىنىكىدا خەت بېسىشنى ئۆگىنىش ئۆيى، تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆيى قاتارلىق مەدەنىيەت ئۆيلىرى بار ئىكەن. كۆپ دۆلەتلىك ۋە كۆپ مىللەتلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى تۇرمۇش مەركىزى بولمىش بۇ جايدا، ھەممەيلەن ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتىدىكەن. «مەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىلى ئون يىل بولدى» — دەپ چۈشەندۈردى بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئەھمەد ھاشىم ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى — «ئون يىلدىن بۇيان، ئىككى ئۇيغۇر بالا بىر-بىرى بىلەن ياقا سىقىشىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ باقمىدىم. ئوقۇشنى ياخشى ئوقۇپ، ياخشى نەتىجە بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشتىن ئىبارەت بىرلا ئارزۇيىمىز بار. بىز ھەممىمىز خۇددى ئاكا-ئۇكىلاردەك ئۆتىمىز.»

بىر جۇمە كۈنى، پۇرسەت بولۇپ، بۇئۇسنى زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. جۇمە ۋاقتى بولغاندا، شۇ قورۇنىڭ ئىچىدىكى 3000 كىشىلىك مەسچىتتە جۇمە ئوقۇدۇق. جۇمە نامىزىدىن يانغاندىن كېيىن، مەن 20—30چە كېلەر ئۇيغۇر بالىنىڭ مەزكۇر قورۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، جەمال ئابدۇنناسىر ھەيكىلى بار كەڭ بىر سۇپىنى چۆرىدەپ، كېيىن كەلگەنلىرى بۇرۇن كەلگەنلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بول-

غاندىن كېيىن، بىر-بىرىنىڭ دەرس ئەھۋالى، يۇرتتىن خەت كەلگەن-كەلمىگەنلىكى ۋە ھەپتىنىڭ مابەينىدە ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ ئىنتىزامىغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ كەلگەندىن باشقا، مىسىر قاھىرە جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت ئىنتىزامىغا بويسۇنۇشتىمۇ ئىلغارلاردىن ئىكەن. شۇنچە يىللاردىن بۇيان، بۇلارنىڭ ئىچىدىن جەمئىيەتتىكى ناشايان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالىدىغان، سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قالىدىغان، باشقىلار بىلەن ئۇرۇش-جېدەل قىلىپ قالىدىغانلار مۇتلەق چىقىپ باقمىغاچ، جۇڭگونىڭ قاھىرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش خەن جيارۇي (باللار بۇ كىشىنى ھۆرمەتلەپ "مىستەر خەن" ‹خەن ئەپەندى› دەپ ئاتايدىكەن) تەرىپىدىن بىرقانچە نۆۋەت ئېغىزاكى تەقدىرلىنىپتۇ.

پىلانلىق ھايات—مەنىلىك ھايات. ئىنتىزاملىق تۇرمۇش ئەمەلىيەتتە ئەڭ راھەتلىك تۇرمۇش. مەن ئىنتىزامچانلىقنى ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەلدىكى ئۆگىنىش ھاياتىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىنىڭ مۇھىم بىر كاپالىتى دەپ بىلگەن بۇ ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەر ھەققەتەنمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشقا، سەممىي يار-يۆلەكتە بولۇپ يېتەكلەپ قويۇشقا ئەرزىيدىكەن دەپ قالدىم.

## تىرىشچانلىق

ئوقۇشنى ياخشى ئوقۇپ، ياخشى نەتىجە بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كېتىش ئۈچۈن پەقەت بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ، بارلىق ئەقىل-زۇكاۋەتنى جارى قىلدۇرۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىش. بۇ زاكون ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىدا خۇددى سۇزۇك ئاسماندىكى كۈندەكلا روشەنىكەن. شۇڭا، ئۇلار مۇناسىۋەتلىك دەرسلەرنى مەكتەپتە دەرسخانىدىمۇ ئۆگىنىدىكەن، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ياتاق قورۇسىغا قايتىپ كېلىپ، ياتاقتىمۇ ئۆگىنىدىكەن. ھەربىر ياتاقتا دېگۈدەك بىردىن ئۆزلىرى سېتىۋالغان دوسكا بار ئىكەن. كونا ئوقۇغۇچىلار يېڭىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ياكى مۇزاكىرە يېتەكچىسى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىق ئەمەلىيىتى مېنىمۇ تەسىرلەندۈردى. مەن گەرچە ھەم قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھەم ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئاڭلاپ، ئىلىم ئالماشتۇرۇش سۆھبەتلىرىگە قاتناشقاندىن باشقا، مىسىرغا ئۆزەم بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن ياپونىيىلىك ئاسپىرانتىم لىڭمۇ جيەنتەيلاڭغا ھەپتىدە سەككىز سائەت دەرس ئۆتۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن تولىمۇ ئالدىراش بولسامۇ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقچىلىقى بويىچە دەرس ئېچىپ، ھەپتىدە بىر قېتىم ئىلىم سۆزلەپ بېرىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدىم. ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر يېزىقچىلىقى ئىلمى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشنى ئىختىيار قىلىدىغان 31 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن بىر سىنىپ تەشكىل قىلدۇق ۋە بۇ ئۆگىنىش سىنىپىنى "مىسىر ئۇيغۇر ئەنجۇمەنى (ئىلىم سورۇنى)" دەپ ئاتىدۇق. ھازىرغىچە توققۇز مەيدان ئەنجۇمەن پائالىيىتى قىلدۇق. بىزنىڭ بۇ ئەنجۇمەنىمىز ئوقۇتقۇچىلار ئىلىم سۆزلەش (مەن ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقچىلىقىدىن ئىلىم سۆزلىدىم. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن بارغان ئابابەكرى ئابلەت مۇئەللىم تارىختىن ئىلىم سۆزلىدى) ، ئوقۇغۇچىلارنى مۇئەييەن ماۋزۇدا ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، يازغان ماقالىلەرنى ئوتتۇرىدا ئوقۇپ بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش ۋە مىسىردا ئولتۇراقلىشىپ تۇرۇۋاتقان ئۇي-

غۇر زىيالىيلىرىنى زىيارەت قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى مەزمۇن قىلدى ۋە قىلماقتا (مەن بۇ ھەقتە «نىل دەرياسى ساھىلىدىكى ئۇيغۇر ئەنجۇمەنى» ماۋزۇسىدا خاس ماقالە تەييارلاپ، تەپسىلىي بايان بەرمەكچىمەن، ئىنشائاللاھ).

بىلگەن ئادەمگە ئىلىم ئۆگىنىش بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ھوزۇرلۇق ھايات پائالىيىتى جۈملىسىگە كىرىدۇ. بوشاشماس تىرىشچانلىق بولسىلا، ھەرقانداق قىيىن ئىلىمنىمۇ ئۆگىنىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن نەتىجە مېۋىسىنى كۆرگىلى ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق نۇسرەتنىڭ پەيزىنى سۈرگىلى بولىدۇ. ئۈچ ئايلىق تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىش ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىتىش ئارقىسىدا، ئەسلىدىكى پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ باقمىغان باللار ھازىر ئۇيغۇرچە جۈملە تۈزۈش، باش قۇردىن يېزىش، ئابزاس ئايرىش، ئىملالىق خەت يېزىش قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سالام خەت ۋە ئاددىي مەزمۇنلۇق بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يازالايدىغان بولدى. ئەسلىدە يېزىش-ئوقۇش ساۋاتى بار، ئەمما سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان باللار بولسا، قۇرۇلمىسى جەھەتتە خېلى پۇختا، مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە نىسبەتەن كىشىنى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يازالايدىغان بولدى. تونۇشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشلار ئارقىسىدا، تاھىر ئابباس قاتارلىق بىرقانچە ئوقۇغۇچى مۇبارەك ژۇرنال «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇچۇن ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە تۇنجى ئەسىرى بولغان «بىز ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى، ژۇرنىلىنى سۆيۈپ ئوقۇيمىز،» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى ژۇرنالغا ئەۋەتتى.

مىسىردىكى ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەر شۇ تاپتا داۋاملىق ئۆگەنمەكتە، ھەرقايسى دۆلەت ئەزھەرىيلىرى بىلەن بەس-بەستە مۇتالىئە قىلماقتا. قارىسام، ئۇلار "ياخشى نىيەت—يېرىم دۇنيا" دەپتىكەن دەپ، ئاشۇ ياخشى ئارزۇ، توغرا نىيەتكىلا شۈكۈر قىلىپ ئولتۇرىدىغاندەك ئەمەس، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقات ساھەسىدە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق، "يېرىم دۇنيا"نى "پۈتۈن دۇنيا"غا ئايلاندۇرۇش، يەنى توغرا نىيەت ۋە ياخشى ئارزۇنى خەيرلىك ئەمەلىيەت ۋە كۆڭۈلدىكىدەك رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئىرادىسى ئۇرغۇپلا تۇرىدۇ.

ئۆز زامانىسىدە، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب مۆمىنلەرگە: "ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار!" دەپ خىتاب قىلغانىكەن. ئىلىم ئۆگىنىش—مەرىپەت، ئىلىم ئۆگىنىش—پەزىلەت. تىلەك شۇكى، بوگۈنكى ئۇيغۇر ئەزھەرىيلىرىنىڭ ئىلىم ئىزدەپ يىراق قاھىرەگە بېرىشتىنمۇ ئېرىنمىگەن بىباھا روھى ۋە ئەمەلىي پائالىيىتى كەلگۈسىدە مۇناسىپ مۇكاپاتقا مۇيەسسەر بولغاي، ئامىن!

1997-يىل 15-يانۋار (رامىزاننىڭ 6-كۈنى، چارشەنبە) ، قاھىرە.

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدىن)

**بۇ ژۇرنالدىكى بىر قىسىم ماقالىلەرنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى شەمشىدىن ھاجى، رىشت ھاجى ۋاھىدى ۋە ئەنۋەر مۇھەممەتلەر ئىشلىدى.**

# مەرپەتكە ساخاۋەت

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-مەرىپەتنى ئۇلۇغلايدىغانلىقى، ئىلىم-پەن، ھۈنەر-سەنئەت ئۆگىنىشنىڭ ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز ئىكەنلىكى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. دەرۋەقە، ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئاڭ ۋە ئەقىل ئىلىم-مەرىپەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن تارتىپ ئۇنى بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگۈچە نۇرغۇن تارىخىي سىناقلارنى، خىلمۇخىل ماددىي ۋە روھىي توقۇنۇشلارنى باشتىن كەچۈردى. ئىلىم ئۆگەتكۈچى بىلەن ئۇنى قىزىقىپ ئۆگەنگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەھكەم مۇناسىۋەت ئەسىر-ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلدى، بۇ مۇناسىۋەت دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندى. ئىسلام ئېتىقادىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى ئىنسان ئەقلىنىڭ ئاشۇ كامالىتىگە ئىلھام بېرىپ كەلگەچكە، ئىلىم-پەننىڭ گۈللىنىشىگە، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىسلام دىنىمۇ گۈللەندى. بۇ ئىلمىي مەرىپەت نۇرىغا تولغان بۈگۈنكى دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭقۇر ئېتىخارىدۇر. بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ ئىلىم-مەرىپەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، ئىمانى دۇرۇس، ئېتىقادى راۋۇرۇس، ۋىجدان تۇيغۇسى كۈچلۈك مۇسۇلمانلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىرادىسى، پەم-پاراستى ۋە بىر جۈپ ئىشچان قولىغا تايىنىپ ئالدىن بېيىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ غۇرۇرى ۋە مۇسۇلمانلىق پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى، كەلگۈسى ئىزباسارلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ساخاۋەت قولىنى ئايانماي سۇنماقتا. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997-يىللىق 1-سانىدا تونۇشتۇرغان قاسىم قارىي ھاجىدەك مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىز مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

خەۋەر قىلىنىشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يەككە تىجارەتچى ئەركىن قۇربان ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا تەييارلىغان 30 مىڭ يۈەنگە يەنە 40 مىڭ يۈەن قوشۇپ، جەمئىي 70 مىڭ يۈەننى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار يېتىم-يېسىر ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە قىلغان. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ئۇنىڭ ئانىسى ئايىمنىساخان ھاجى خېنىم ئۈرۈمچى يامالىق تېغىغا يېقىندىن سېلىنغان"قار لەيلىسى" باشلانغۇچ مەكتىپىگە 15 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغانىكەن. ئانا-بالىنىڭ بۇ ئۇلۇغ خىسلىتى زامانىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆرنەك ئېلىشىغا ئەرزىيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نىيە ناھىيە ئەندىر چارۋىچىلىق مەيدان 4-شۆبە مەيدانىنىڭ چارۋىچىسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى قۇربان باھاۋۇدۇن 1992-يىلدىن بۇيان 30 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ نامراتلار ۋە مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان.

ئۈرۈمچىدىكى "ئارزۇ" ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ خوجايىنى، يەككە تىجارەتچى ئارزۇگۈل رەھىم يېقىندا ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىگە قاراشلىق ليۇداۋان كۆمۈر كېنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر پەرزەنتلىرى مەكتىپىگە 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغان.

قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا "چىمەنزار"

مەسسدارلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى كېرەم ئابلەت ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، ئوقۇشتىن چېكىنىش ئېھتىمالى بولغان 20 نەپەر بالىنىڭ تۆت يىللىق ئوقۇش راسخوتىنى ئۈستىگە ئالغان، بۇنىڭغا تەخمىنەن 20 مىڭ يۈەن كېتىدىكەن.

يېزا ئىگىلىك 4-شى 64-تۈەن مەيدانى 12-لىيەندە ئولتۇرۇشلۇق تۇراخۇن ھاجىم بۇ يىل 2-ئاينىڭ 4-كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ غالىبجان، ساداقەتجان ئاتلىق ئىككى ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئۈچ نەزىرى ۋە يەتتە نەزىرلىرىگە كېتىدىغان 1300 يۈەن نەق پۇلغا 300 كىلوگرام ئاق ئۇن، 90 كىلوگرام سۇ ماي ئېلىپ 12-لىيەن، 14-لىيەن ۋە تۈەن دوختۇرخانىسىدىكى 14 نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەرگەن؛ 12-لىيەن مىللىي پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار 20 ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلى ۋە دەرسلىك ماتېرىيالى ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىكىگە 1260 يۈەن بەرگەن ھەمدە باشقا ئون ئوقۇغۇچىغا بىر قۇردىن يېڭى كىيىم-كېچەك قىلىپ بەرگەن. بۇ ساخاۋەتچى ئاكا-ئۇكىلار پۇل تاپقاندا ئەلنى ئۇنتۇماي، ھازىرغىچە 50 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن مائارىپ ھەم نامرات ئائىلىلەرگە يار-يۆلەكتە بولۇپ كەلگەن.

ئىسلام دىنىدا پۇل-مال تاپقانلارنىڭ پايدىلىق ئىشلارغا سەدىقە، خەير-ئېھسان قىلىپ تۇرۇشى پەرز دائىرىسىدىكى ئىشلاردۇر. ئىقتىساد ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر مەركەز قىلىنغان بۇ يېڭى دەۋردىكى رىقابەت قاينىمىدا، ھەر ساھە ۋە ھەر كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ-تىرمىشىپ پۇل تېپىشى، پۇل تاپقاندىمۇ ئۇنى جايىدا ئىشلىتەلىشى، تېخىمۇ مۇھىمى، باي بولغاندا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئەۋلادىغا خاس پەزىلىتىنى ساقلاپ قالالىشى ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ھۆرمەتلىك ساخاۋەتچىلىرىمىزنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئالىيجاناب روھىنى ئەنە شۇنىڭدىن كۆرۈۋالالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئى ئادەم بالىسى، خەير-ئېھسان قىلغىن، نەپىقە بەرگىن، شۇنداق قىلساڭ، ساڭا بېرىمەن" («سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى»، 256-بەت). دېمەك، ساخاۋەت ئىنتايىن ئۇلۇغ پەزىلەت، پەقەت مۇرۇۋۋەتلىك مۇسۇلمانلارلا مەرىپەتنىڭ مۇھىملىقىنى، ئەھمىيىتىنى ئوبدان بىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئاتىغىنىنى بېرەلەيدۇ. ئاللاتائالامۇ شۇنداق مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ.

**(ئەنۋەر مۇھەممەد)**

(بېشى 45-بەتتە) ياخشى كەيپىيات شەكىللىنىۋاتىدۇ، توينى ئاددىي-ساددا قىلىدىغانلار ۋە كوللېكتىپ توي ئۆتكۈزىدىغانلار كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. بىز مۇسۇلمانلار چوقۇم ئەسلىدىكى ئۇلۇغ پەزىلىتىمىز بويىچە ئىش قىلىپ، توي ئىسراپچىلىقىنىڭ زىيىنىنى توسۇپ، جەمئىيەتنى بۇزۇۋاتقان بۇنداق ئاپەتلىك قىلمىشلارنى تۈگىتىشىمىز لازىم. ئەستە تۇتۇش لازىمكى، توي ئىسراپچىلىقى بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ. ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە يېتىش ئۈچۈن توي ئىسراپچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ گۇناھلىق قىلمىشقا سەل قارىماي، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

**(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتەپىنىڭ تالىپى؛ تولۇقلاپ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەد)**

## قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ 1997-يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنى ئۈچىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجىم، شەھەر ئىچىدىكى جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى، دىنىي مەكتەپتىكى ئۇستاز-تالىپلار بولۇپ 150 نەپەردىن ئارتۇق كىشى مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلدى.

مۇراسىمغا دىنىي مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى غېرىبشاھ قارىي ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى، ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى مەكتەپنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلدى.

بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن 43 نەپەر ئوقۇغۇچى ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە(شەھەر)نىڭ چەت، يىراق يېزا(بازار)لىرىدىكى مۇقىم ئىمامى يوق مەسچىتلەرگە نۇقتىلىق تەربىيىلەپ بېرىلگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ئۈچ يىللىق ئوقۇش جەريانىدا قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپ، فىقھ، تەپسىر، قىرائەت، ئەرەب تىلى ۋە مەلۇم مىقداردا سىياسەت، قانۇن دەرسلىرىنى ئۆگىنىپ، ھەممە پەنلەردە لاياقەتلىك بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈردى.

يىغىندا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە دىنىي مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرى ئوقۇغۇچىلارغا شاھادەتنامە تارقىتىپ بەردى ۋە قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپ قاتارلىق دىنىي كىتابلارنى ھەدىيە قىلدى. 13 نەپەر ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىنى مۇكاپاتلىدى.

ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتنىشىپ ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىن ئاخىرىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(ياقۇپ ھاجى)

## قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىسىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى

ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىسىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق ياش دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچ يىللىق ئوقۇش مۇددىتىنى تاماملاپ، 7-ئاينىڭ 5-كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

بۇ قاراردىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق ئۈچ مىللەتتىن تەركىب تاپقان 56 نەپەر ئوقۇغۇچى قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەستىقلىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ يىراق، چەت-ياقا، يېزا-كەنتلىرىدىكى دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ كەمچىل بولۇش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ جايلاردىكى ئىپادىسى ياخشى، مەلۇم مەدەنىيەت ۋە دىنىي بىلىم ئاساسىغا ئىگە، ۋەتەننى، دىننى قىزغىن سۆيىدىغان ياشلار ئارىسىدىن بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق نىشانلىق قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، 1994-يىلى 9-ئايدا ئوقۇش باشلىغانىدى.

ئوقۇش باشلىغان ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئۇلار

بەلگىلەنگەن دىنىي دەرسلەردىن باشقا، ئاساسىي قانۇن قاتارلىق ھەر خىل قانۇن-نىزام، بەلگىلىمەلەرنى، پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسەتلىرىنى، مەدەنىيەت ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئېتىقادچى ئاممىغا ھەر جەھەتتىن باشلامچىلىق قىلالايدىغان، دىنىي جەھەتتە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە بىمالال رىياسەتچىلىك قىلالايدىغان، مېيىت ئۇزىتىش، نىكاھ، مېيىت نامىزى، ئىسىم قويۇش قاتارلىق ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش گو جۇڭچېن قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

(يۈنۇس سادىق)

## پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان دىنىي خادىملار تەربىيىلەش كۇرسى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى

1997-يىل 3-ئاينىڭ 10-كۈنى پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بازار جامە مەسچىتىدە تۆتىنچى قارارلىق ياش دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى ئاچتى. مۇراسىمغا ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، ناھىيە ئىچىدىكى دىنىي زاتلار، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋەكىللىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

مۇراسىمغا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇخالىق قارىي ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە كۇرسنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، شۇنداقلا كۇرسنىڭ ئېچىلىشىنى قوللىغان ناھىيە رەھبەرلىرىگە ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا سەممىي رەھمەت ئېيتتى.

بۇ نۆۋەتلىك كۇرس 1996-يىلى 11-ئايدا باشلانغان بولۇپ، جەمئىي 50 نەپەر تالىپ ناھىيىنىڭ ھەرقايسى يېزا(بازار)لىرىدىكى مۇقىم ئىمامى يوق مەسچىتلەردىن نۇقتىلىق قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، يېشى 18 بىلەن 35 ئارىلىقىدىكى ياشلاردىن ئىبارەت. تالىپلار بۇ قىسقىغىنا تۆت ئاي جەريانىدا قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپ، ئىسلام دىنى ئاساسىي بىلىملىرى، تەجۋىد، ئەقائىد زورۇرىيە، ئىبادات ئىسلامىيە، دىنىي ئىشلارغا ئائىت قائىدە-نىزام، ئاساسىي قانۇن، مائارىپ قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، مىراس قانۇنى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەندى. تالىپلار ۋەكىللىرى مۇراسىمدا سۆز قىلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا بارغاندىن كېيىن ئۇستازلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا دالالەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئاخىردا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى تالىپلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى ھەمدە خاتىرە ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ھەدىيە قىلدى، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(ياقۇپ ھاجى)

## تېكەس ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئوقۇتۇش مەركىزىدە تۇنجى قارارلىق تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈردى

ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ناھىيىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي خادىم جەھەتتىكى ئىزباسار يېتىشمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1995-يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ناھىيىدە ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش مەركىزى قۇرۇشنى باشلىغانىدى، بۇنىڭ-

دىن خەۋەر تاپقان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۆز
ئىختىيارىيلىقى بىلەن 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق
نەق پۇل، 50 كۇب ياغاچ، 140 كۇب تاش ئىئانە
قىلدى، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى بەش مو يەرنى
ھەقسىز ھەل قىلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن 980
كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر قەۋەتلىك ئوقۇتۇش
بىناسى ئاخىر سېلىنىپ پۈتتى.

مەكتەپنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە،
ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش مەركىزىنىڭ مەسئۇللۇقىنى
ۋە مۇدەررىسلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. كەڭ ئېتە-
قادچى ئاممىنىڭ كۆرستىشى ۋە قوللىشى، ھۆكۈ-
مەت ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقلاپ بېكىتىشى ئارقىلىق
بىلىملىك مۇدەررىسلەر سەپلەندى.

بۇ نۆۋەتلىك ئوقۇتۇشقا ئۇيغۇر، قازاق، قىر-
غىز مىللىتىدىن مەلۇم دىنىي ۋە پەننىي بىلىم سەۋ-
يىسىگە ئىگە بولغان 80 نەپەر ياش ئىمتىھانغا
قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن 50 نەپەر ياش (قازاق
40 نەپەر، ئۇيغۇر تۆت نەپەر، قىرغىز تۆت
نەپەر) قوبۇل قىلىنىپ، 1995-يىلى 9-ئايدا ئو-
قۇش باشلىغانىدى.

مۇدەررىسلەر ھەپتىلىك دەرس جەدۋىلىگە ئا-
ساسەن ئالدىن دەرس تەييارلاپ، ئاندىن دەرس
ئۆتتى. ئىككى يىللىق ئوقۇتۇش جەريانىدا، تالىپ-
لارغا «ئەرەب ئېلىپبەسى»، قىرائەت، تەجۋىد، ئى-
بادات ئىسلامىيە، ئىسلام تارىخى، ئېتىقاد، ئەخلاق،
مىللىي-دىنىي سىياسەت قاتارلىق دەرسلەر 944
سائەت ئۆتۈلدى. بۇ جەرياندا مۇدەررىسلەرنىڭ
ئەستايىدىل، قېتىرقىنىپ ئۆگىتىشى، تالىپلارنىڭ
تىرىشىپ ئۆگىنىشى بىلەن ياخشى نەتىجىلەر قول-
غا كەلتۈرۈلدى. تالىپلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلى-
قىغا ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن مەۋسۇملۇق ۋە يىل-
لىق ئىمتىھاندىن يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئۆتكەنلەر،
شۇنداقلا ئەخلاق، تەشكىلىي تۈزۈم ۋە تۇرمۇش
ئىستىلى جەھەتتە ياخشى بولغانلاردىن 44 ئادەم
قېتىم تۆت نۆۋەت مۇكاپاتلاندى. ھەر يېرىم يىلدا
تالىپلارنىڭ ئەھۋالىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنى ۋە
ئائىلىسىنى خەۋەردار قىلىپ تۇردى. يىلدا بىر نۆ-
ۋەت ئاتا-ئانىلار يىغىنى چاقىرىلىپ، ئۇلاردىن پە-
كىر ئېلىنىپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يېقىندىن ماس-
لىشىش قولىغا كەلتۈرۈلدى. شۇنداق تىرىشچانلىق-
لار نەتىجىسىدە، ئوقۇتۇش مەركىزىدىكى تالىپلار-
نىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى 96 پىرسەنتكە، دەرس
ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 90 پىرسەنتكە يەتتى،
شۇنداقلا تالىپلارنىڭ زور كۆپچىلىكى نورمال دى-
نىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، بىرەر
مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى ئۆتەلەيدىغان سەۋىيىگە
يەتتى.

1997-يىل 6-ئاينىڭ 26-كۈنى تۇنجى قا-
رارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى
ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇلارغا مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنا-
مىسى بىلەن ئىماملىق كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىل-
دى. بۇ مۇراسىمغا ئىلى ۋىلايىتىدىكى مۇناسىۋەت-
لىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، ناھىيىلىك پارتكوم،
خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇل-
لىرى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى،
ئاتا-ئانا ۋە ئامما ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 100دىن
ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئوقۇش-ئوقۇ-
تۇش جەھەتتە ئىلغار بولغان مۇدەررىس ۋە تالىپلا-
رىدىن 15 كىشى تەقدىرلەندى.

(ئۆمەرجان شاۋۇدۇن)

## بۇگۇر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىماملار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى

بۇگۇر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى مۇناسى-
ۋەتلىك ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلە-
شى ئارقىسىدا، ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر قىسىم
مەسچىتلەرنىڭ ئىمامى كەم بولۇش، ئىماملىق قە-

لىۋاتقانلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىۋاتقان ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلارنىڭ سىياسەت، قانۇن-نىزام ئۆگىنىش ۋە دىنىي بىلىمنى تولۇقلاش كۇرسى ئېچىپ، لاياقەتلىك بولغانلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

كۇرستا 17 قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى، ئاللاقىدار سىياسەت، قانۇن-نىزاملار مۇزاكىرە قىلىندى، شۇنداقلا دىنىي جەھەتتە قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپ بىلىملىرى ۋە قىرائەت مەزمۇنلىرى ئۆگىنىلدى. بولۇپمۇ، ناماز ئوقۇش قائىدىسى جەھەتتىكى قىسمەن كۆز قاراشلار «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 96-يىللىق 4-سانىدىكى «ناماز ئوقۇش قائىدىسى» دېگەن ماقالىنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا تېخىمۇ ياخشى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، بۇ ئارقىلىق ئىماملارنىڭ دىنىي بىلىمنى ئىلمىي يوسۇندا تولۇقلاش، ئۆزلەشتۈرۈش تەلىپى قانائەتلەندۈرۈلدى.

بۇ قېتىمقى كۇرس ئارقىلىق ھەر خىل سەۋىيىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە دىنىي ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ مىللىي-دىنىي سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى. كۇرس ئاياغلاشقاندا لاياقەتلىك بولغان 85 نەپەر دىنىي زاتقا "لاياقەتلىك ئىمام" گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ مەسچىتلەردە ئىماملىق قىلىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى.

(تۇيغۇن ئابدۇرەھىم)

# خەۋەرلەر

## قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ شىائىگانىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋىلايەت بويىچە دىنىي ساھەدىكىلەرنى تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللەپ، شىائىگانىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۈتۈۋالدى.

6-ئاينىڭ 27-كۈنى (جۈمە) بۇ ۋىلايەتتىكى 2100 جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپلىرى شىائىگانىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ۋەز-تەبلىغ، دۇئا تىلاۋەت قىلدى، بۇنىڭغا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

6-ئاينىڭ 28—29-كۈنلىرى ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ھەيئەت، ھەيئەت ئەزالىرى ۋە شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى شىائىگانىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، شىائىگانىڭ ئاساسىي تارىخىغا ئائىت لېكسىيە ئاڭلاش ۋە تەسىرات سۆزلەش پائالىيىتى قىلدى، 16 مەيدان لېكسىيىگە 4800 ئادەم قېتىم قاتناشتى. ھەرقايسى يېزا-بازارلارمۇ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى قۇتلۇقلىدى. جەمئىي 167 مەيدان پائالىيەتكە 13 مىڭ دىنىي زات قاتناشتى.

6-ئاينىڭ 30-كۈنى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپتە شىائىگاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىيال ئۆگىنىش، لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى بولدى، دىنىي زاتلار، مۇدەررىسلەر، تالىپلار تەسىرات سۆزلەشتى ۋە دۇئا-تىلاۋەت قىلىشتى.

7-ئاينىڭ 1—2-كۈنلىرى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ جەمئىي 48 نەپەر دىنىي زاتنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بەس-بەستە پىكىر بايان قىلىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ

مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىمامى، خاتىپى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى مۇنداق دېدى: "شياڭگاڭ دۆلىتىمىز قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كەلدى، دۆلىتىمىزنىڭ 100 يىللىق ئار-نومۇسى ئاقلاندى. شياڭگاڭنىڭ غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈۋېلىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقىنىڭ ئىسپاتى". مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجى مۇنداق دېدى: "شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كەلدى، بىز مۇسۇلمانلار بۇ خاسىيەتلىك كۈندە خۇشال بولماي تۇرالمايمىز. رەسۇلۇللا: 'قوش ئۆز چاڭگىسىنى ئاسرىغاندەك ۋەتەننى سۆيۈڭلار' دېگەنىدى. بىز شياڭگاڭدا دۆلىتىمىز بايرىقىنىڭ چىقىرىلغانلىقىدىن ئىنتايىن پەخىرلەندۇق، ۋۇجۇدىمىز كۈچكە تولدى، ئىشەنچىمىز ئاشتى." ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يەكەن ئالتۇن جامە مەسچىتىنىڭ ئىمامى، خاتىپى ئابدۇۋەلى ھاجى مۇنداق دېدى: "شياڭگاڭ دۆلىتىمىز قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كەلدى، بۇ بىر ئائىلىدە بىر بالىنىڭ يىتىپ كېتىپ تەستە تېپىلغىنىغا ئوخشاش كىشىنى زور خۇشاللىققا سالىدىغان ئۇلۇغ ئىش، بىز ئىنتايىن خۇشال". قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت مامۇت ھاجى چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق دېدى: "تېلېۋىزوردا شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەندىم. ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال، بىزگە ئىنتىپاقلىق، تىنچلىق كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىق ساداسى شياڭگاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ مۇنبىرىدە ياڭرىغاي. بىز چوقۇم دىنىي سىياسەت، قانۇن-نىزاملارنى تېخىمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى دىنىي پائالىيەتنى نورمال ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز". (ياقۇپ ھاجى)

## تۇرپان ۋىلايىتىدە دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى

تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان دىنىي زاتلارنىڭ تۆتىنچى قارارلىق قانۇن-تۈزۈم ئۆگىنىش كۇرسى 3-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتە ئېچىلدى.

بۇ قېتىمقى كۇرسقا ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىن ۋىلايەت، ناھىيە(شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، ھەيئەت ئەزالىرى، جامە-مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىسىنى پۈتتۈرگەن بىر قىسىم ياش دىنىي كەسپىي خادىملاردىن بولۇپ جەمئىي 260 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇ كۇرسلارنىڭ ھەر قېتىملىق باشلىنىش مۇراسىمىغا ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. رەھبەرلەر كۇرسقا قاتناشقان دىنىي زاتلاردىن قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، دىنىي پائالىيەت ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشنى، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشنى، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشنى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بېقىش يولىنى يەنىمۇ كەڭ ئېچىشنى، ۋىلايەتنىڭ مۇقىملىق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

تۇرپان شەھىرىدىمۇ 1997-يىل 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 23-كۈنىگىچە تۇرپان شەھەرلىك

پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان دىنىي زاتلار قانۇن- تۈزۈم ئۆگىنىش كۇرسى شەھەرگە قاراشلىق 13 يېزا(بازار)نى بىرلىك قىلىپ يەتتە ئورۇندا ئېچىلدى.

بىر ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلغان بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش كۇرسىغا شەھەرگە قاراشلىق 13 يېزا (بازار)دىكى دىنىي زاتلار ۋە ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ قانۇن ئىگىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 770 نەپەر كىشى قاتناشتى.

(شاھمەردان)

## دىنىي زاتلار بېيىش يولىغا ماڭماقتا

يەكەن ناھىيىسىنىڭ خاڭدى بازىرىدىكى دىنىي زاتلار ھالال ئەمگەك ئارقىلىق باي بولۇشقا ئاتلىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي تەسىر ھاسىل قىلدى ۋە ياخشى ئۈلگە تىكلىدى.

بۇلتۇر يىل بېشىدىن بۇ يىل 3-ئاينىڭ باشلىرىغىچە، بۇ بازاردىكى 146 ئائىلىلىك دىنىي زاتتىن 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە 31گە يەتتى. ئالتە دىنىي زات ئائىلىسى ئاپتوموبىل، تراكتور سېتىۋالدى، تۆت دىنىي زات ئائىلىسى ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى قۇرۇپ، 3-كەسپىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياخشى ئاساس سېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا يېزا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇلار بېيىغاندا ئۆز ئەتراپىدىكى نامرات قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۇلارغا 4630 كىلوگرام بۇغداي، 3000 كىلوگرام قوناق، 13 مىڭ 228 يۈەن نەق پۇل، 192 قۇر ھەر خىل كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ 80 مو يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بېرىپ، 8000 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى؛ نەتىجىدە تۆت دىنىي زات ئائىلىسى ھۆددىگە ئالغان سەككىز نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا قەدەم قويدى.(ياقۇپ ھاجى)

## قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى يېزا-بازارلىرىدا شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى

قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن بۇ يىل قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىدا تولۇق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، ناھىيىگە تەۋە 20 يېزا(بازار)دا شۆبە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇپ چىقتى، بۇ جەمئىيەتلەرنى قۇرۇش يىغىنىغا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى قاتناشتى.

دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق 242 نەپەر ھەيئەت ئەزا، 83 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزا، 63 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ تۇرغۇزۇلدى. نۆۋەتتە، بۇ شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلماقتا. (ياقۇپ ھاجى)

## دىنىي زاتلار يېتىم-يېسىرلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى

چىرا ناھىيە يېتىم-يېسىرلار مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ "1-ئىيۇن بالىلار بايرىمى"نى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك ۋە چىرا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇغېنى داموللا ھاجىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۆزى مىڭ يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ باشلامچى بولۇشى بىلەن، بۇ ناھىيىدىكى دىنىي زاتلار يېتىم-يېسىرلار ئۈچۈن خالىس ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغانىدى، نەتىجىدە 196 نەپەر دىنىي زات 5618 يۈەن نەق پۇل، 2800 كىلوگرام ئاشلىق، 263 كىلوگرام گۆش، 117 قۇر كىيىم-كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغىش قىلىپ، ئۇنى "1-ئىيۇن" ھارپىسىدا ناھىيىلىك يېتىم-يېسىرلار مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بايراملىق سوۋغات سۈپىتىدە يەتكۈزۈپ بەردى، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار دىنىي زاتلارنىڭ

يېتىم باللارنىڭ بېشىنى سىلاپ، مائارىپقا سېخىيلىق بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىدەك بۇ ئېسىل خىسلەتكە ئاپىرىن ئوقۇشتى، شۇنىڭدەك، بۇ ياخشى ئىش ھەر ساھە ئاممىسى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. (يالقۇن)

## گۇما ناھىيىسىدە دىنىي پائالىيەتلەر قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولدى

«ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»گە ئاساسەن، گۇما ناھىيىسىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى تەكشۈرۈپ تىزىملاندى، بۇ ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلەر قانۇنىي يولغا چۈشۈرۈلۈپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولدى.

گۇما ناھىيىسىدە مۇسۇلمانلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 95 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە چوڭ-كىچىك بولۇپ جەمئىي 526 دىنىي پائالىيەت سورۇنى، 654 دىنىي زات بار. ناھىيىلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى، ئالدى بىلەن، "ئۈچ دەرىجىلىك"تىن باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە دىن باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىدىن 526سى قۇرۇلدى، دىن باشقۇرۇش خادىملىرى 1578 ئادەمگە يەتتى.

دىنىي زاتلارنىڭ مىللەت ۋە دىنغا دائىر قانۇن-نىزاملاردىن ساۋاتلىق بولۇشى ئۈچۈن، 1996-يىلدىن بۇيان دىنىي زاتلار بەش قارار ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى، ئۆگىنىشكە 500دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تاللاپ تەربىيىلەش خىزمىتىنى ۋە يېزا-كەنتلەردىكى مىللەتلەر-دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەرقايسى يېزا-بازارلارغا بىرلىك سەپ كادىرى ياكى دىن ئىشلىرى كادىرى مەخسۇس سەپلەندى. (ئابلىمىت مۇھەممەد)

## باي ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئۈلگىلىك رول ئوينىماقتا

باي ناھىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىنىي زاتلارنىڭ ۋە ھاجىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ جەرياندا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى يۇنۇس داموللا ھاجى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ياسىن قارىي ھاجى قاتارلىق دىنىي زاتلار ئالاھىدە باشلامچىلىق قىلدى. ھازىر ناھىيە بويىچە 27 "بەشتە ياخشى مەسچىت"، 53 "بەشتە ياخشى" دىنىي زات بارلىققا كەلدى. بۇ دىنىي زاتلار نۆۋەتتە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان تەرەققىيات ۋە پەن-تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش پائالىيىتىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە 256 نەپەر دىنىي زات نامرات دېھقان ئائىلىلىرىگە 18 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل، 43 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئاشلىق، ماي، ئوتۇن-كۆمۈر قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياردەم قىلدى، 170 ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون خەلقى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن 25 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

## قاراشەھەر ناھىيىسىدە دىنىي زاتلار مائارىپنى قوللاپ، نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزمەكتە

قاراشەھەر ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ناھىيىلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى شەھەر-يېزىلاردىكى دىنىي زاتلارنى ۋە كەڭ جامائەتنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، خەير-

لىك ئىشلارنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. نەتىجىدە شەھەر-يېزىلاردىكى دىنىي زاتلار باشلامچىلىق بىلەن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، "ماتارىپنى قوللىغانلىق كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئويلىغانلىق، نامراتلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا شەپقەت يەتكۈرگەنلىك جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتكەنلىك" دەپ قاراپ، ماتارىپقا، نامراتلارغا ۋە يېتىم-يېسىرلارغا، نېفىت ئىشچىلىرىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى نامايان قىلىپ، ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى. 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە شەھەر، يېزىلار بويىچە 84 مەسچىتتىكى 90 نەپەردىن ئارتۇق ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئاخۇن-ئىمام ۋە جامائەت ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە، ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە، نامراتلار، يېتىم-يېسىرلارغا ۋە نېفىت ئىشچىلىرىغا 14 مىڭ 600 يۈەن نەق پۇل ۋە 1060 جىڭ ئۇن، 30 تاختا چاي، 35 بولاق قەنت، 325 ساندۇق (32مىڭ 300 قاپ) تەييار چۆپ، 5820 دېپتەر، 125 دانە سىزغۇچ، 250 دانە كاگىبى، 3695 دانە قېرىنداش قاتارلىق 36 مىڭ 588 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي نەرسىلەرنى ياردەم قىلىپ، پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. (ئوسمان تۇرسۇن)

## ما جېڭجۇڭ ئاخۇن ۋاپات بولدى

مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سانجى جامە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋە خاتىپى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ما جېڭجۇڭ ئاخۇن كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 6-كۈنى سانجىدا ۋاپات بولدى.

ما جېڭجۇڭ ئاخۇن (خۇيزۇ) 1919-يىلى تۇغۇلغان، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىدە دىنىي مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1950-يىلدىن كېيىن ئىماملىق قىلغان ۋە سانجىدا تالىپ تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولغان ھەمدە ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا كەڭ خۇيزۇ ئاممىسىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي قىلىشقا يېتەكلەپ ۋە ئۆزى باشلامچى بولۇپ، ئاما ئىچىدە زور تەسىر پەيدا قىلغان.

مەرھۇمنىڭ نامىزىغا سانجىدىكى نەچچە مىڭ ئاما ئىشتىراك قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. (ياقۇپ ھاجى)

## ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى
## بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەسچىتىنىڭ ئىمامى، خاتىپى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى، تىبابەتشۇناس، ئابرويلۇق دىنىي زات ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى 1997-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى سەھەردە يۈرەك كېسىلى بىلەن 70 يېشىدا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى.

ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، 1927-يىلى تۇغۇلغان، 1937-يىلدىن 1945-يىلغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، 1945-يىلدىن 1955-يىلغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىس، ساقى مەدرىس، قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەسچىتلىرىدە زور ئىجتىھات بىلەن دىنىي بىلىم ئۆگەنگەن ۋە قوشۇمچە تىبابەتچىلىك قىلغان. 1973-يىلدىن 1980-يىلغىچە «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق مەشھۇر ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان ۋە يەنە ئۇيغۇر تىبابىتىگە دائىر كۆپلىگەن كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. مەرھۇم ئەرەب، ئوردۇ، پارس، خەنزۇ تىل يېزىقىغا كامىل ئىدى ۋە بۇ جەھەتتە "تەتقىقاتچى" (پروفېسسور دەرىجىسىدە) دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا مۇشەررەپ بولغانىدى.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاسراپ، ۋەتەننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ، دىيارىمىزنىڭ دىنىي ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەنىدى.

مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجى ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى نەچچە مىڭ ئاما ئىشتىراك قىلدى.

(ياقۇپ ھاجى)

## تۇرسۇن ھاجى داموللا

### خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى

مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، تۇرپان شەھەر ئاستانە يېزا ئەلپەتتا غوجام جامە مەسچىتىنىڭ ئىمام، خاتىپى تۇرسۇن ھاجى داموللا 1997-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

تۇرسۇن ھاجى داموللا تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدىن بولۇپ 1915-يىلى تۇغۇلغان. 1915-يىلدىن 1923-يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1924-يىلدىن 1949-يىلغىچە ئاستانە يېزىسىدا زور ئىجتىھات بىلەن دىنىي بىلىم تەھسىل قىلغان. 1950-يىلدىن ھازىرغىچە تۇرپان شەھەر ئاستانە يېزا ئەلپەتتا غوجام مەسچىتىنىڭ ئىمام، خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1960-يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، خەلق قۇرۇلتىيى، ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئىمىنلىك، ئاسايىشلىقنى ۋە ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلەپ، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەتكە يېتەكلەپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا مەمۇرىي مەھكىمە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرى، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئون مىڭدىن ئارتۇق ئاما قاتناشتى.

(شاھمەردان)

## تۇرسۇنخان غوجام

### ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تۇرسۇنخان غوجام ھاجى 1997-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 74 يېشىدا ۋاپات بولدى.

تۇرسۇنخان غوجام يەكەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1923-يىلى تۇغۇلغان. 1931-يىلدىن 1942-يىلغىچە دىنىي مەكتەپتە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە باشقا دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان، 57-يىلدىن كېيىن سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، 80-يىلدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا قانۇن-بەلگىلىمىلەردىن ۋە دىنىي ئەمەللەردىن زىنھار چەتنىمىگەن، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەتكە يېتەكلىگەن، ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى، جەمئىيەت ئەخلاقىنى قوغداشقا زور ھەسسە قوشقانىدى.

مەرھۇمنىڭ نامىزىغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇۋەلى ھاجى ۋە ناھىيىدىكى نەچچە مىڭ ئاما قاتناشتى.

(ياقۇپ ھاجى)

# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى سۆيۈپ ئوقۇيمىز

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى خۇشال قىلدى. بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرچىنى چۈشىنىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى بەك سۆيۈندۈردى، چۈنكى مەزكۇر ژۇرنال ئۆزىنىڭ كۈمۈش ياپراقىدەك ئاق جەلپ قىلارلىق سەھىپىلىرى مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەت ئەنئەنىلىرىنى نامايان قىلىش بىلەن تولغان، ھەر خىل ماقالىلەر ئۇلۇغ دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپ ھېكمەتلىرىنى شەرھلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرىدىغان ئىلىم بۇلىقى بولغان.

ئىلگىرىمۇ بۇ ژۇرنال كەڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدە مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ مەرىپەت بېغىدىكى بۇ بىر تال ئەتىرگۈل ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئۆزىنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى چاچقانىدى، شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار، قەلب سارىيىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بۇ بىر تال يەككە-يېگانە ئەتىرگۈلنىڭ قايتا پۇرەكلەپ ئېچىلىشىغا تەشنا بولۇپ كەلگەنىدى.

ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللاپ ۋە شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشى ئارقىسىدا، 1996-يىلىدىن باشلاپ، بۇ ژۇرنال قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. بۇ ۋەتىنىمىز ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرچىنى چۈشىنىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق بىر ئىش.

بىز ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار قىن-قىنىمىزغا پاتمىغان خۇشاللىق ھېسسىياتىمىز بىلەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 96-يىللىق سانلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتۇق، قانمىدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە ۋە ئۇلارغا تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن يېقىندىن ياردەملەشكەن ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بەرگەن ھەر ساھەدىكى زاتلارغا ئۆزىمىزنىڭ يۈرەك سالاملىرىمىزنى شۇنداقلا ئاللاتائالا ئۇلارغا ئالاھىدە ئۇزۇن ئۆمۈر، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاتىرجەملىك ۋە سائادەتلىك تۇرمۇش ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز. بۇندىن كېيىن بىز مەزكۇر ژۇرنالنى سەممىي قوللاپ-قۇۋۋەتلەش ۋە قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇش بىلەنلا قالماي، ئۆزىمىز قەلەم تەۋرىتىپ ئىسلام دىنىغا ئائىت ھەر خىل تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئەۋەتىپ تۇرىمىز.

ئاخىردا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋە مۇبارەك ژۇرنال «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يەنە بىر مەرتىۋە چوڭقۇر ئېھتىراممىزنى ۋە ئاپىرىنلىق سالىمىمىزنى يوللايمىز.

تاھىر ئابباس

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ،
نوئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، شەم-
شىدىن ھاجى قاتارلىقلار ئوقۇش پۈتتۈر-
گەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە
چۈشتى.




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام
دىنىي ئىنستىتۇتى 1992-يىللىق سىنىپ
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىم-
تىھان مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش.




دەرىجىلىك رەھبەرلەر قەشقەر
يەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى
قارارلىق سىنىپىنىڭ ئوقۇش
ۈر كەن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن
ە سۈرەتكە چۈشتى.



# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇڭ

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

مۆھتەرەم مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە ژۇرنىلىمىزغا زوقمەن دوستلار:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا چىقىۋاتقان، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، شىنجاڭ رايونىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلغان بىردىنبىر مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. مەزكۇر ژۇرنالدا مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي خەۋەرلەر ۋە ئوبزورلار، مەملىكىتىمىزنىڭ دىن، مىللەتلەر ئىشلىرىغا دائىر سىياسەت، يۆنىلىش، قانۇن، نىزام، بەلگىلىمىلىرىدىن باشقا، ئىسلام ئەقىدىلىرى، شەرىئەت تەھلىللىرى، ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى، ئىسلام مەدەنىيىتى، ئىسلام تارىخى (جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىسلام تارىخى)، ۋەز-تەبلىغ، ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار، دىنىي كىتابلار، ئىسلام مائارىپى، ئالىم-ئۆلىمالار، ياش ئالىملىرىمىز، مەسچىت-جامە ۋە مەدرىسلەر، ئىسلام ئاسارەئەتىقىلىرى، ئىسلامىيەت بىلىم گۈلزارى، تۆھپىكار دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار، مەرىپەتكە ساخاۋەت، ئەل سۆيەر دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدىن تەرمىلەر، قانۇن-نىزاملار ۋە قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەت، ئىسلام ئەللىرى، ئىسلام دىنى غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدە، ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى، ئىسلام دۇنياسىدىن خەۋەرلەر، ئىسلامىيەتكە دائىر كىتابلار ۋە ماتېرىياللار، ئىسلامىيەتكە ئائىت ماقال-تەمسىل ۋە ھۆسن خەتلەر دېگەنگە ئوخشاش سەھىپىلەر ئېچىلىدۇ، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ، ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە، شۇنىڭدەك شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىغا دائىر ماقالە، خەۋەرلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىدۇ.

مەزكۇر ژۇرنال 1996-يىلدىن باشلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بۇيان ناھايىتى تېزلا كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، مۇشتەرىلەر سانىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. شۇنداقلا، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، دىنىي بىلىملەر ۋە ئىبادەت-رەسمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دىنىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك رول ئوينىدى. گوۋۇيۈەننىڭ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئالاقە ۋە ئۇقتۇرۇشلىرىغا ئاساسەن، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ژۇرنال مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى ۋە مەلۇم تەسىرگە ئىگە بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ قالدى.

مەزكۇر ژۇرنال 16 فورماتلىق، 64 بەتلىك (رەڭلىك مۇقاۋىسى بىلەن 68 بەتلىك) پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، ھەر يىلى تۆت سان چىقىدۇ، ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 1-كۈنى تارقىتىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ تاق باھاسى ئۈچ يۈەن، يىللىق باھاسى 12 يۈەن.

1998-يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ھازىر باشلاندى، مۇشتەرى بولغۇچىلار جايلاردىكى مۇشتەرى توپلاش ئورۇنلىرىغا ياكى "شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى"غا ۋە ياكى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاستە مۇشتەرى بولسا بولىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996-يىللىق توپلىمى (باھاسى 15 يۈەن) ئىشلەندى. 1997-يىللىق توپلىمىمۇ ئىشلىمەكچىمىز (باھاسى 15 يۈەن). توپلامنى سېتىۋالغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن ياكى شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسا بولىدۇ.

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مەكتەپ، مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.**

ISSN 1007-5836

9 771007 583001 09>

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»
《中国穆斯林》(维吾尔文版)

1997-يىل 3-سان (ئومۇمىي 44-سان)
1997 年第三期(总 44 期)

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
刊号:
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B

公开发行　定价: 3.00 元

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　باھاسى: 3.00 يۈەن

بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

4

1997

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة